تارىخىي مىراس

# «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان

(2)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تارىخي مىراس —

# «قۇتادغۇبىلىك»
# ھەققىدە بايان

(2)

(ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشرگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
تەييارلىغۇچى : ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىيسا شاكىر



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11- ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى،
شائىرى ۋە جامائەت ئەربابى يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىسى
ئورۇنلاشقان گۇمبەزنىڭ دەرۋازىسى (1961 - يىل)

# نەشرىياتتىن

مەجمۇئەمىزنىڭ بۇ سانىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى توپلاپ ئەۋەتكەن.

1984 - يىل 8 - ئايدا شىمالىي جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبيەن چاۋشيەن مىللىتى ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر ھەر مىللەت ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ناھايىتى زور ئېتىبارىنى قوزغىدى. يىغىن: «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققەتەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئۇلۇغ تۆھپە، ئۇنى تولۇق تەتقىق قىلىنىدىغان ياخشى تېما، دەپ قارىدى.

يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى توپلام قىلىپ، ئۇنىڭغا «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى ماقالىلەرنىمۇ كىرگۈزۈش قارار قىلىنغانىدى. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن نەچچە پارچە ماقالە شۇنىڭ بىر قىسمى. ئاخىرىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازارى ھەققىدە» دېگەن ئىككى پارچە ماقالە كېيىن قوشۇلدى.

1986 - يىل ئاپرېل

## مۇندەرىجە


بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ
نىڭ ئىدىيەۋى ئىستېتىكىسى توغرىسىدا ........ 1
............ ئابدىرېھىم ئۆتكۈر

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسەپە قىممىتى توغرىسىدا...
............... ۋاھاپ خېۋىر 20

ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار
نامايەندە ......... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 44

«قۇتادغۇ بىلىك» ۋە بالىلار تەربىيىسى مەسىلىسى......
............... تۇرسۇن قۇربان 65

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى دۆلەت تەلىماتى ھەققىدە
دەسلەپكى مۇھاكىمە ......... مەقسۇت ئەكبەر 95

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ساددا دىئالېكتىكىلىق
ئىدىيىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە ..........
............... ئىسمايىل تۆمۈر 108

«قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغ-
رىسىدا دەسلەپكى پىكرىم....... مەتىمىن يۈسۈپ 127

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش
ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە.......

...................... ھىممت مەقسۇت 149
«قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى..........
.......................... ئابدىرېھىم سابىت 170
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ھەققىدە ......
..................... مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق 213

## بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى توغرىسىدا

ئابدىرېھىم ئۆتكۈر

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داستانى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. 11 - ئەسىر قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپى سۈپىتىدە جاھانغا مەشھۇر. ئۇنىڭ زامانىدىشى مەھمۇت قەشقەرى (قەشقەرلىك مەھمۇت) ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى ۋە تۈركولوگىيىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە جاھان تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇستازى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەربابى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمگەكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلار كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭمۇ پەخرى — غۇرۇرىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە
ئۈچ چوڭ دىن، يەنى بۇددا دىنى، خرىستىئان ۋە مانى
دىنى، ئىسلام دىنى؛ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، يەنى قەدىم-
كى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى ۋە قە-
دىمكى يۇنان مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان
رايوندا. ئىجتىمائىي ئىقتىساد بويىچە ئىش تەقسىماتى بۇ-
رۇنراق مەيدانغا كېلىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىش-
لەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز راۋاجلانغان ۋە «يىپەك
يولى» سودىسىغا ھەم مەيدان، ھەم كۆۋرۈك بولغان بىر
رايوندا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنى-
يەتتە ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن مۇ-
نەۋۋەر مىللەت ئىدى. 10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىر-
نىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار دەۋرىدە
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داس-
تانى بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»
ئەسىرى ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ نامايەندى-
لىرى ئىدى»①. ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
ئەسىرى تىل، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە (مىللەت-
شۇناسلىق) ۋە كەڭ فولكلور ۋاستىسى بىلەن تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ تاشقى دۇنياسىنى يورۇتۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەر-
گەن بولسا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ-
نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى تۈركىي خەلقلەرنىڭ

---

① [illegible]: «ئۇيغۇر تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇماتلار» 1 - توم، 40 — 41 - بەتلەر، 1955 - يىل نەشرى.

ئىچكى (مەنىۋى) دۇنياسىنى، يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش-
لىرىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچە-
لىرىنى، ئەخلاق - پەزىلەت، دۆلەت، جەمئىيەت، ئىلىم،
ئەقىل ۋە قانۇن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى، يىغىپ ئېيت-
قاندا، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بى-
لەن يورۇتۇپ بەرگەن. شۇڭا، بۇ ئىككى شاھ ئەسەر پۈ-
تۈن بىر دەۋرنىڭ قوشكېزەك مەھسۇلى سۈپىتىدە ۋەتى-
نىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر جۈپ بىباھا گۆھەر
بولۇپ، 10 — 11 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈر-
كىي خەلقلەر دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈشتە،
جۈملىدىن كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ ئۇرغۇن-
لىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغانلىقىنى، ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىي مىل-
لەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا
قوشقان ئاجايىپ ھەسسىلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرى-
يال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ھەممىدىن بۇرۇن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنى ھۆكۈم-
ران ئورۇندا تۇرغان قارا خانىلار دەۋرىدە ياشىغانلىقىغا
ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىر مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىماي، ئۆز ئەس-
رىنىڭ باش قىسمىدا خۇدا، پەيغەمبەر ۋە ساھابىلار ھەق-
قىدە ئازراق توختالغاندىن باشقا، ئىسلامنىڭ شەرىئەت ۋە
خىلاپەت كەبى ئاساسىي پرىنسىپلىرى، دىن مۇئەسسە-
لىرى، قازىلار ۋە باشقا دىنىي ئەقىدە ھەم نۇقتىئىنەزەر-
لەر ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ. ھەتتا ئاللا، پەيغەمبەر قا-

تارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىدىكى «تەڭرى»، «بايات»، «يالاۋاچ» سۆزلىرىنى ئىشلىتىدۇ. پۈتۈن «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەرەبچىدىن كەلگەن ئىلمىي ئاتالغۇلار بىلەن باشقا ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى ئاران 120 ئۆپچۆرىسىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىسال ۋە نەقىللەرنى «ئايەت» ياكى «ھەدىسلەر» دىن ئەمەس، ئۇزاق مىللىي تارىخىمىزدىكى بۈيۈك شەخسلەردىن كەلتۈرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يارىتىلىش، ئۆلۈم، روھ ۋە باشقا ئاقىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ «خۇداگۆي» بولۇشىغا قارىماي، كائىنات ۋە دۇنيانىڭ «ماددا» ئىكەنلىكىنى، بۇ ماددىنىڭ تىنىماي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەرىكەت جەريانىدا كونا نەرسىلەرنىڭ يوق بولۇپ، يېڭى نەرسىلەرنىڭ چوقۇم مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكالايدۇ. مەسىلەن: ئۆز دەۋرىدىكى پەيلاسوپلار تەرىپىدىن ھايات ۋە تەبىئەتنىڭ ئاساسى دەپ تونۇلغان تۆت شەيئىي (ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئوت) ئۈستىدە توختىلىپ① (بۇنى تۆت ساھابە، يەنى چاھاريارغا تەقلىد قىلىپ) مۇنداق دەيدۇ:

60 بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇ② دەك ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

① ئەدىسكى جۇڭگو پەيلاسوپلىرى پۈتۈن بارلىقنى بەش شەيئىيدىن، يەنى مېتال، ياغاچ، سۇ، تۇپراق، ئوتتىن تەشكىل تاپقان، ھەممىسىنىڭ ئاساسىي ھاۋا دەپ يازغان.
② تادۇ — زات ياكى ماددا.

ئاسمان بوشلۇقىدىكى جىسىملارنىڭ تەبىئىي قانۇنى-
يەت بويىچە بىر - بىرىگە توقۇنۇشماي ھەرىكەت قىلىدى-
غانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

144 يېغىدۇر بىلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نېرى.

145 ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۈتەركەچ ئۈچۈن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپمۇ قەدىمكى جۇڭگو ياكى مىسىر ۋە بابىل - ئاسورى-
يىدە ئۆتكەن بەزى پەيلاسوپلارغا ئوخشاش سۇبيېكتىپ
ئېتىقادىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەت-
تە ئۆزىدە مەلۇم ئىستىخىيىلىك ساددا ماتېرىيالىستىك
قاراشنىڭ بارلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ھايات-
نىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن تاشقىرى،
خۇددى قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپى لاۋزىغا ئوخشاش
چەكسىز ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا كونا نەرسىلەرنىڭ
يوقىلىپ، يېڭى نەرسىلەرنىڭ ھامان غەلىبە قىلىشىغا
ئىشىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى
جاكالايدۇ. مەسىلەن:

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

مۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا ھەممە-
دىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئامىل قانۇن ياكى جەمئى-
يەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەسىلىسىدۇر. مەلۇم-
كى، زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، مەسى-
لەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 — 6 - ئەسىرلەردە ياشىغان
قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپلىرىدىن لاۋزى بىلەن كۇڭزى،
قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل، «ئوتتۇرا ئەسىر
ئارىستوتىلى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئەبۇ نەسىر فارا-
بى، ئىبىن سىنا ۋە باشقىلارمۇ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە
ئېتىبار بىلەن قارىغان ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان-
دى. بۇنىڭغا ئارىستوتىلنىڭ «پولىتىكا»، فارابىنىڭ
«ئەس - سىياستۇل مەدەنىيە» (دۆلەت سىياسىتى ھەق-
قىدە)، ئىبىن سىنانىڭ «كىتابۇس سىياسەت» ناملىق
ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. لېكىن، مەيلى
ئارىستوتىل ۋە مەيلى فارابى بولسۇن، دۆلەت ۋە
جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىر «غايىۋى دۆلەت»
سىخېمىسىدا ئەكس ئەتتۈردى. يەنە ئۆزلىرى ياشاپ
تۇرغان مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس،
بەلكى ئارزۇ قىلغان «غايىۋى دۆلەت» توغرىسىدا يۈك-
سەك تەپەككۇرلەر يۈرگۈزگەنىدى. يۈسۈپ خاس
ھاجىپ بولسا، توغرىدىن توغرا قاراخانىلار دۆلىتىنى ياخ-

شىلاش ۋە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى ئادىل ئىنۇن بىلەن باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «قۇتادغۇ - بىلىك» نى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشتىن مەقسىتمۇ شۇ ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈنتۇغدى دېگىنىم توغرىدىن توغرا قانۇننىڭ ئۆزىدۇر دېگەن مىسرا بىلەن دۆلەت ھۆكۈمدارى بولغان كىشى، ھەممىدىن بۇرۇن قانۇننىڭ ئۆزى بولۇشى ۋە قانۇنغا ئۆزى ئەمەل قىلىشى لازىم دەپ تەكىتلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىر - بىرىگە چىتىلمىغان ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرغان ھۆكۈمدارنى بىر قولدا يوغان پىچاق، ئوڭ تەرىپىدە بىر چىنە شېكەر، سول تەرىپىدە بىر قاچا زەھەر قويۇقلۇق ھالدا كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ ھالەتنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: كۇرسىنىڭ چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق بولۇشى ئادالەت سىمۋولىدۇر. چۈنكى ئۈچ پۇتلۇق نەرسە ئاسان قىڭغايمايدۇ، تۈز تۇرىدۇ. ئەگەر بىرى قىڭغايسا، قالغان ئىككىسى تۇرالماي، ئۈستىدىكى كىشى يىقىلىدۇ. پىچاق — خەلقنىڭ ئىشىنى ئارقىغا سوزماي تېز ۋە كەسكىن ھەل قىلىشنىڭ ئالامىتى، شېكەر — زۇلۇم چەككەنلىكتىن ئادالەت تىلەپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدۇ، زەھەر — خەلقنى ئېزىپ، ئادالەتتىن كەچكەنلەرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

دەپ ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قانۇن ئالدىدا ھەممىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكالايدۇ. نۇشىرۋاننىڭ ئادالەت بىلەن ياخشى ئات چىقارغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ:

291 بىيىدى ئېلى، تۈز يۈرۈتكەچ نىزام،
ئەجەب ياخشى ۋاقتا قويۇپ ياخشى نام.

دەيدۇ ۋە ھۆكۈمدارنى نۇشىرۋاندەك ئادىل بولۇشقا چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئادىل قانۇن يولغا قويۇلسا، ئەلگە بەخت - سائادەت يېغىپ، تىنچلىق بولىدۇ، ھەتتا قوي بىلەن بۆرە بىر يەردە سۇ ئىچىدۇ. مىسالى خەلق قوي، ھۆكۈمدار چوپاندۇر. چوپان قويغا كۆيۈمچان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدار قانۇننىڭ ئۆزدۇر دېگىنى، ھەرگىز «پادىشاھنىڭ ئېيتقىنى قانۇن» دېگەن مەنىدە ئەمەس، ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئادىل قانۇننىڭ ئىجراچىسى بولۇش لازىم دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ پىكرىچە، قانۇندا تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپ بولۇشى شەرت: بىرىنچى، ئادالەت؛ ئىككىنچى، خەلققە ياخشىلىق قىلماق، يەنى خەلق پايدىسىنى كۆزلىمەك؛ ئۈچىنچى،

باراۋەرلىك؛ تۆتىنچى، ئىنسانىيلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈۋەنـ
دىكىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە بولسا كېرەك:
«قانۇن ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھۆكۈمدار
ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر.
ھەممىدىن مۇھىمى قانۇننىڭ ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر.
مەيلى ئوغلۇم، تۇغقىنىم بولسۇن، مەيلى يولۇچى مۇساـ
پىر بولسۇن، مېنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى ئوخشاش. ھۆـ
كۈم ئالدىدا ھېچقايسىسىنى پەرقلەندۈرمەيمەن ... دۆـ
لەتنىڭ ئۇلى — ئادالەت. قانۇننى ئادىل يۈرگۈزگەن
ھۆكۈمدار پۈتۈن تىلەكلەرگە ئېرىشىدۇ ... خەلقنى
ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىل، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە
زورلۇق قىلىشىغا يول قويما. قانۇن قۇياشى پۈتۈن ئىنـ
سانلارغا يېتىشسۇن، پۈتۈن جاھان يورۇسۇن ... ھەممە
ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەسلى بىر. ئۇلارنى ئايرىيدىغان
شەرت پەقەت بىلىم دەرىجىلىرىدۇر ... قانۇن ئىنسانىيـ
لىقنى قانچىلىك دەرىجىدە يولغا قويسا، خەلق شۇ دەرىـ
جىدە بەختلىك بولۇپ، دۆلەت مۇستەھكەملىنىدۇ... دۆـ
لەتنى خاراپ قىلىدىغان نەرسە ئىككى: بىرى، ۋەزىپە
ئىقتىدارىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش؛ يەنە بىرى، ئىنسانـ
لارغا زۇلۇم قىلىش؛ بىر ھۆكۈمدار قۇلنى پەقىرلىقتىن
قۇتقۇزمىسا، ئۇ قانداق ھۆكۈمدار بولالىسۇن ...» («قۇ-
تادغۇ بىلىك» 543، 455، 817، 818، 819، 822،
856، 2024، 5576 - بېيتلارغا قاراڭ).

ھالبۇكى، پلاتون بىلەن ئارىستوتېل يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ بۇ قاراشلىرىغا تامامەن زىت پوزىتسىيەدە

تۇرىدۇ. پىلاتون، «تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىكتۇر ... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۆر (ئازاد) ئادەمگە ئېھتىمال كۆپرەك يارىشىدۇ. بۇ سۇرەت بىلەن ئۇ ئېھتىمال كۈچلۈك خوجايىن بولالايدۇ. ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزەلىگەنلەر جەمئىيەتنى قولغا ئالالايدىغان ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ ...»① دەيدۇ. ئارىستوتېل: «قۇللار ئەھلى ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىلىسىنىڭ جىسمانىي كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ ... قۇللار — مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىننىڭ مۈلكى ھېسابىغا كىرىدۇ ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇشى تەبىئىي ھال، بەزىلىرى ھۆكۈم قىلىش، بەزىلىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان»② دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قەلەم تۇتىدىغان» ۋەزىرلەر بىلەن «قىلىچ تۇتىدىغان» ئەسكەر باشلىقلىرى «خەلق ئارىسىدىن چىققان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلاردىن تاللاپ ئېلىنىشى لازىم» لىكىنى تەكىتلىسە (2422 - بېيىتقا قارالسۇن)، فارابى بۇ مەسىلىدە پىلاتون بىلەن ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىنى تەكرارلاپ، «پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا «پازىل شەھەر رەئىسى» نىڭ يارىتىلىشتىن (تۇغما ھالدا) شۇنىڭغا لايىق شەرتلىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى، يەنى بىرىنچىدىن، تەبىئىتى ۋە يارىتىلىشى ئېتىبارى

① پىلاتون: «دۆلەت»، تۈركچە تەرجىمىسى، 1 - توم، 31 - بەت.
② ئا. شەۋقىل: «قەدىمكى يۇنانىدىكى سىياسىي چۈشەنچىلەر» (ت)، 163 - بەت.

بىلەن رەئىسلىككە لايىق بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىدە رەئىسلىك ئىرادىسى ۋە مەلىكىسى بولۇشى لازىملىقىنى ئالغا سۈرىدۇ (پروفېسسور كافېسئوغلۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ). بۇ مەسىلىلەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، قانۇن، ئادالەت ۋە قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىسى ياكى شاگىرتى ئەمەس، ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىقتا ئىگە بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە — ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت تېمىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئادىل قانۇن بىلەن تۈزەش ۋە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، بەخت ۋە ياخشىلىقنىڭ ھامىيسى بولغان ئەقىللىق - بىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋەزىر ۋە دۆلەت خادىملىرى بولۇشى لازىم. «قۇت» (دۆلەت ياكى بەخت - سائادەت) كە ئېرىشىش ۋە قولغا كەلگەن «قۇت» نى مەھكەم ساقلاپ قېلىش دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەلنى بېيىتىپ، تىنچ ئاسايىشتە ياشاشقا سازاۋەر قىلىش، ھەركىم ئۆزىنى ۋە يۇرتىنى سائادەتمەن قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى تىلەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت ھەممىدىن مۇھىمدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەل-

تۇرۇش كۆپايە: «ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقلار ئەقىلدىن كېلىدۇ، ئەقىللىق ئىنسان بۈيۈكتۇر... ئەقىل ئىنسان ئۈچۈن مىڭ جىل پەزىلەتنىڭ بېشى، كېچىدەك قاراڭغۇلۇقتىكى ئىنساننىڭ ئەقلىنى مەشئەل كەبى يورۇتىدۇ... ئەقىللىق ھەر زامان ئۆگدىن ئىش قىلىدۇ، ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشنىڭ سولى يوقتۇر ... ئەقىللىق بولۇش تەڭرىنىڭ نېمىتى ... دۆلەت بىرەر ئاغرىققا دۇچار بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى ئەقىل ۋە بىلىمدۇر. ھۆكۈمدار مەملىكەت ۋە قانۇنلارنى بىلىم بىلەن قولغا كەلتۈرەر ۋە ئەقىل بىلەن ئىدارە قىلار ... بىلىملىكلەرنىڭ بىلىمى خەلقنىڭ يولىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ... سەنمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن، بىل، ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسەت ... بىلىملىكلەرنى قوي پادىسىنىڭ سەركىسى ھېسابلا، ئۇلار پادىنى توغرا يول بىلەن باشلاپ ماڭسۇن ... بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆك (ئاسمان) دىنمۇ ئېگىز ... ئىنسان ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يۈكسىلەر ... بالىلارغا پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگىتىش لازىمكى، ئۇلار ياخشى ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىشسۇن ... بىلىم بىل، ئۆزۈڭنى يۈكسەلدۈر، پاكى ھايۋان ئاتىلىپ، ئىنسانلىقتىن يىراقلاش ... ئىپار بىلەن بىلىم بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئىنسان بۇ ئىككى نەرسە ئالدىدا ئۆزىنى يوشۇرۇن تۇتالمايدۇ... مۇنۇ تۆت نەرسىنى ئاز دېمە: ئوت، دۈشمەن، كېسەللىك، بىلىم ... بىلىملىكنىڭ سۆزى بىلىمسىز ئۈچۈن كۆز بولۇر.»①

① ريشت رەھمىتى ئارات، «قۇتادغۇ بىلىك» 1- توم، 54 — 56- بەت

بۇلا ئەمەس، بىلىم مەسىلىسىدە، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بەزى كونكرېت پەنلەر، مەسىلەن، ئاسترونومىيە بىلەن ماتېماتىكا ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن: «يۇلتۇزچىلار يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى بىلىدۇ، ئەي ئىنسان مۇنداق ھېساب بەك لازىمدۇر. بۇنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ گېئومېترىيە ئوقۇ، ئاندىن ساڭا ھېسابنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە ھەممە كەسىرلەرنى تولۇق ئۆگەن ... يەتتە قات ئاسماننىڭ سىرلىرىنى يەردە ياتقان غازاڭدەك پىششىق بىل ... ئالگېبرا ئۆگەن ...»①.

ئىجتىمائىي ئاڭ دىنىي شەرىئەت قائىدىلىرى كونترول قىلىۋالغان بىر دەۋردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە بىۋاسىتە ئالاقىسى بولمىغان ئۇنداق ئەمەلىي بىلىم پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە.

ئەخلاق - پەزىلەت تېمىسىدا توغرىلىق (تۈزلۈك) ياخشىلىق، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سەۋرچانلىق، ئېغىر - بېسىقلىق، مەردلىك، سېخىيلىق، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت، ئەدەب، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇش، تىلىنىڭ پەزىلىتىنى ساقلاش، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماسلىق، شېرىن سۆزلۈك، يۇمشاق تىللىق بولۇش، زوراۋانلىق، ئوغرىلىق، لوكچەكلىك، يالغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئاداۋەت ساقلاش، ئاچكۆزلۈك، ھاياسىزلىق، ھاراقخورلۇق، زىنا ۋە شۇنىڭ

① «قۇتادغۇ بىلىك» 1 - توم، 4 - 5 - 6 - بەت، رىشىت رەھمىتى ئارات:

غا ئوخشاش يامانلىقلاردىن قاتتىق ساقلىنىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بولۇپمۇ ھۆكۈمدار بولغان كىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتتە ھەممىگە ئۈلگە بولۇشى، شەخسەن ئۆزى «يۇمشاق كۆڭۈللۈك، شېرىن تىللىق بولۇشى، يامان ۋە چىركىن ئىشلاردىن قېچىشى، كىشىلەرگە شەپقەتلىك بولۇشى» لازىملىقى تەكرار - تەكرار قەيت قىلىنغان.

قەدىمكى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بابىدىكى تەپەككۇرلىرىدا زاھىر بولغان ئاكتىپ ئامىللارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيەۋى سىستېمىسىدا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىشى، بىر تەرەپتىن، بۇ مەسىلىلەرنىڭ قايسى مىللەت ۋە قايسى دەۋردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بىر تېما ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي شارائىتىدا يېتىشكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، ئاقىۋەت ياكى قانائەت سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىش ئوبرازىدا ئىپادىلەنگەن رېئال دۇنيا تۇرمۇشى بىلەن مەۋھۇم «ئاقىۋەت» تىن ئىبارەت زىددىيەتلىك مەسىلىدۇركى، مۇنداقلا قاراشتا ئودغۇرمىش ئۆلۈم بىلەن تۈگەيدىغان قىسقا ھاياتقا نىسبەتەن «قانائەت» يۈزىتسىيىدە تۇرىدىغان بىر تەقۋادار سوپى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ رېئال ھاياتتىكى بەخت - سائا-

دەتكە قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ خاراكتېرلىك بىر پېرسوناژ ئارقىلىق رېئال دۇنيا بىلەن مەۋھۇم ئاقىۋەت توغرىسىدىكى زىددىيەتلىك قاراشنى ھەل قىلىپ، ئاخىر نەتىجىدە كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشتىن كۆرە قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. رېئال كىشىلىك تۇرمۇشقا مۇھەببەت باغلاشقا، شۇ يول بىلەن «ھەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولۇش» قا چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى دەل ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

XX ئەسىر كىرگەنگە قەدەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىر مۇكەممەل نەشرى مەيدانغا كەلمىگەن ۋە ئەسلى تېكىستىنى توغرا ئوقۇپ چۈشىنىشتىن تېخى ئۈنۈملۈك نەتىجىلەر ھاسىل قىلىنمىغان بىر شارائىتتا، بۇ كىتابقا پەقەت مەلۇم مەنتىقىي مۇلاھىزىلەر بويىچىلا باھا بېرىش، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى سۇبيېكتىپ قىياسلار بىلەن تەھلىل قىلىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ كەلگەندى. مەسىلەن: بەزىلەر «قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى ھىند - ئىران پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە ھەتتا پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى قېلىپىدا يېزىلغان بىر نەسىھەتنامە دېسە، بەزىلەر قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى تەسىرىدە يېزىلغان بىر ئەخلاق كىتابى دېيىشكەن؛ بەزىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنى توغرىدىن - توغرا ئارىستو-

تىل بىلەن فارابى ۋە ئىبنى سىناغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ
يولىدىن ماڭغۇچى ياكى ئۇلارغا تەقلىد قىلغۇچى دەپ
چۈشەنگەنىدى. كېيىنچە، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تولۇق
نەشرى ۋە توغرا ئوقۇلۇشى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر
ئارقىسىدا، بۇ قاراشلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈزىتىلدى. «مەن، —
دەيدۇ ۋامبىرى، — دەسلەپ بۇ ئەسەرنى خەنزۇچە يا-
كى پارسچە بىر كىتابتىن قىلىنغان تەرجىمە ۋە ياكى
ئۆزلەشتۈرمە دەپ چۈشەنگەنىدىم، پەقەت چوڭقۇر
تەتقىق قىلغىنىمدىن كېيىنلا، ئۇ تۈرك (تۈركىي خەلق-
لەر) مەھسۇلى ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم» ①. پرو-
فېسسور ئى. كافېسوغلۇ مۇنداق دەيدۇ: «قۇتادغۇ بىلىك»
پەلسەپە ياكى ئەخلاق كىتابى بولۇشتىن تولاراق قانۇن
ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەرت ھەم سۈپەتلىرىنى يورۇتۇپ
بەرگەن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ
بەرگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىجتىمائىي ھايات ھەققىدىكى
بىر سىياسەت كىتابىدۇر. ھالبۇكى، ئىبنى سىنانىڭ توغ-
رىدىن - توغرا بۇ مەسىلىلەرگە ئاتالغان، يەنى دۆلەت
ۋە ھۆكۈمرانلىق نەزەرىيىلىرىنىڭ تەھلىلىنى ئۆزىگە غايە
قىلغان مەخسۇس بىر ئەسىرى مەۋجۇت ئەمەس ... يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپنى ئارىستوتىلغا باغلاش يولىدىكى مۇددى-
ئالار 80 يىل بۇرۇنقى شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈم
بولۇش مۇمكىن. قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئىلمىي، دىنىي
ۋە مەدەنىي ئاتالغۇلىرىدىن ھەققىي يوسۇندا ۋاقىپ بول-

① ۋامبىرى: «*Kudatu bilikuig urische sprach mon ente bau sad*»
(ئى. كافېسوغلۇ تەرجىمىسى، 5 - بەت).

مىي تۇرۇپ، بۇ مەسىلىدە بىر خۇلاسىگە كېلىش ئۇڭاي ئەمەس.» ①

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» شەرقتە بۇددىست ئۇيغۇر ئىدىقۇتى خانلىقى، غەربتە ئىسلامچى قارا خانى ئۇيغۇر خانلىقى بىرلا ۋاقىتتا ياشاپ تۇرغان شارائىتتا، دىنىي ئېتىقاد ئايرىمىلىقلىرىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككى خانلىقتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ مۇجەسسەم بىرلىكىنى ساقلاپ تۇرغان شارائىتتا، بولۇپمۇ قارا خانى ئۇيغۇرلىرى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئاكتىپ ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىلىك مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ھەتتا ۋەتىنىمىزنىڭ تۆت ئۇلۇغ كەشپىياتى — مەتبەئە، قەغەز، مىلتىق دورىسى، كومپاسنى ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئەرەب ئەللىرىگە ۋە غەربىي ياۋروپاغا تارقىتىۋاتقان بىر شارائىتتا، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە شۇ زامان بويىچە ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بىر شارائىتتا مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن بىر دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن شاھ ئەسەردۇر. ئۇ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن، دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پىروگراممىسى (بىر سىياسەتنامە)، جەمئىيەتنى بىلىم ۋە ئەخلاق

---

① ئى. كافېسوغلۇ: «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، ١٩٨٨ - يىل نەشرى، ٣٨ — ٣٩ - بەتلەر.

بىلەن تۈزەش ھەم ئىلگىرى سۈرۈش دەستۇرى (بىر پەلسەپە كىتابى ۋە نەسىھەتنامە) بولسا، ئۇسلۇب جەھەتتىن پەلسەپىلىك پىكىرلەرنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بىر ئەدەبىي ئەسەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمكى مۇجەسسەم بىر گەۋدىسىدۇر. بولۇپمۇ ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەرلەشكەندىن كېيىنمۇ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەللىك ۋە ئىنچىكىلىكلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا پۈتۈن بىر دەۋرگە باشچىلىق قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىي مۇھىتىدا، ئۆز ئىچىمىزدىن يېتىشكەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىدىئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن چىن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى پەيلاسوپ شائىردۇر. شائىر ئۆز ئەسىرىنى ئاياغلاشتۇرۇۋېتىپ مۇنداق دېگەنىدى:

6605 بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6607 نېچە بىلگەن ئۇلساڭ، يەنە ھەم تىلە،
بىلىملىك يېتەر، كۆر، تىلەككە، سورا.

(بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن ئورۇن ھازىرلا. بىلىم ئىنسان ئۈچۈن مەھكەم بىر قورغان. ھەر قانچە بىلگەن بولساڭمۇ، يەنە ئۆگەن، يەنە ئىزلەن. قارىغىنكى، بىلىملىك كىشىلەر سورا - سورا ئۆز تىلەكلىرىگە ئېرىشكەن.)

بۇ ماقالە ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت «تۆتتە زامانىۋىلىشىش» ئۈچۈن ئورغۇن ساھەلەردە، جۈملىدىن مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، قەدىمىدىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي ئۆگىنىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپە قىممىتى توغرىسىدا

ۋاھىپ خېۋىر

ئۇلۇغ جۇڭخۋا مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات تارىخىي جەريانىدا سانسىزلىغان ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى بايلىقلارنىمۇ ئىشلەپچىقىرىپ، جۇڭگونىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتتى. جۇڭخۋا مىللەتلىرى ياراتقان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي ئۆزىنىڭ ئېسىل مەنىۋى نەتىجىلىرى بىلەن تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلەر قاتارىدا «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىي مىراسلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەيلى چەتئەللەردىكى ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى بىردەك يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ

پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى قىممىتىگە باھا بېرىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى قاراشلار ئۈستىدە، يەنىمۇ ئىزلىنىپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## I

«قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىپ كۆپ پايدىلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بەزى تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغاندا: يۈسۈپنىڭ ئەسىرى بىر قاراشتا ئومۇمىي دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىداردەك كۆرۈنسىمۇ، شائىر ئەسىرىدە ماھارەت بىلەن ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەر بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەشكە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن، دەيدۇ.

مېنىڭچە، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «بىر قاراشتا... كۆرۈنىدىغان» نەرسە «ئومۇمىي دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىدار» بولغان پىكىرلەر ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەر بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى ئورنى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەزىلەتلەر، قائىدە - يوسۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەسەردە دۆلەتنى قانۇن بىلەن

ئىدارە قىلىش، ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر
بولۇش، دۈشمەنگە رەھىمسىز، خەلققە رەھىمدىل بولۇش،
ھەربىي قوشۇننى خىل قىلىش قاتارلىق سىياسىي قانۇن
ئىدىيىلىرى؛ ئادالەتلىك، رەھىمدىللىق، دوستلۇق، ئىنسان-
پەرۋەرلىك، ياخشىلىق، سىلىق - مۇلايىملىق، سېخىيلىق،
مەسئۇلىيەتچانلىق، راستچىللىق، قانائەتچانلىق قاتارلىق
ئەخلاق - پەزىلەت ئۆلچەملىرى؛ بىلىمنى، ئەقىلنى ئەلا
بىلگۈچى راتسىئونالىزملىق قاراشلار ناھايىتى كەڭ ۋە
ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ
جەھەتتىكى بايانلىرى ئۇنىڭ مول بىلىملەرگە ئىگە مەش-
ھۇر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن مې-
نىڭچە، ئەسەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە جە-
ھەتتىكى قىممىتى ئۇنىڭ بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە
چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا
ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى شەخسلەر، ۋەقەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى
تاشقى باغلىنىشلارنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي، بۇ باغ-
لىنىشلاردىن ئۆتۈپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خاسىيەتلىك ئىچ-
كى باغلىنىشلارغا نەزەر سالغاندىن كېيىن چىققان مەز-
مۇنلارغا قاراش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ «كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن»نەرسە
ئۇنىڭ تارىخ قارىشى، ئەخلاق پەلسەپىسى ئارقىلىق
ئىپادىلەنگەن دۇنيا قارىشىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى
ئىكەنلىكىنى چىقىرالايمىز.

ھەر قانداق بىر دەۋرنىڭ پەيلاسوپلىرى نەزەرىي

تەپەككۇر شەكلىنى قوللىنىپ، يەنى بىر قاتار پەلسە-
پەۋى ئۇقۇملار كاتېگورىيىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەيدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى، جۇملىدىن تەبى-
ئەت قارىشىنى، تارىخ قارىشىنى ئىزاھلايدۇ. شۇنداق
قىلىپ ھەر خىل پەلسەپە بەلگىلىك كاتېگورىيىلەر سىس-
تېمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق سىستېما كەڭ، مۇ-
رەككەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىر قەدەر ئاددىيراق بولۇ-
شىمۇ مۇمكىن. لېكىن مەنتىقىي كاتېگورىيىسىنى قوللان-
مىغان ياكى بىلىش مېۋىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەنتىقىي كاتېگورىيىسى ئار-
قىلىق ئومۇملاشتۇرمىغان بولسا، پەلسەپىلىك ئومۇملاشتۇ-
رۇش دېگەنلى بولمايدۇ. بىز پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق
قىلغاندا پەلسەپە تارىخىدىكى پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا
قويغان كاتېگورىيىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى
ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەلسەپە سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى ۋە پەلسەپىلەرنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنى-
مىز. پەلسەپە تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا پەيلاسوپلار
ئۆز تەلىماتلىرىنى كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا
قويغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: قەدىمكى يۇنان پەي-
لاسوپى ئارىستوتېل قوللانغان: ماھىيەت، سۈپەت، سان،
مۇناسىۋەت، ئورۇن، ۋاقىت، ھالەت، ئىگىلەش، ھەرىكەت،
سەركۈزەشت قاتارلىق ئون كاتېگورىيە؛ جۇڭگو پەلسەپە
تارىخىدىكى چى (气)، داۋ (道)، لى (理)، شىن
(心) ۋە باشقىلار يۇنان ۋە جۇڭگو پەيلاسوپلىرى

ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللانغان
كاتېگورىيىلەردۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى
ئىپادىلەيدىغان تارىخ قارىشىنى، ئەخلاق قارىشىنى ئادەتتىكىچە
ۋەز - نەسىھەت يولى بىلەن بايان قىلغان ئەمەس. بەل-
كى ئۇقۇم، كاتېگورىيە قاتارلىق لوگىكىلىق شەكىللەر
ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلاردىن كاتېگورىيە سىستېما-
سىنى شەكىللەندۈرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەقەدەر
چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى
مەزمۇنلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەردە باشتىن ئاخىر تۆت شەخسنىڭ سۆھبىتى
داۋام قىلىدۇ. پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ شەخس-
لەر ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان شەخس-
لەر ئەمەس، بەلكى رېئال شەيئىي، ھادىسە ۋە جەريانلار-
نىڭ مەنتىقىي ئابستراكسىيىسى بولغان ئۇقۇملاردىن تۈ-
زۈلگەن كاتېگورىيىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ئەسەردىكى تۆت شەخس تۆت كاتېگورىيىنىڭ سىم-
ۋولى. يەنى تۆت كاتېگورىيىگە بېرىلگەن نام ياكى
بەلگە. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر - بىرىگە ماس كېلى-
دىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، بىر - بىرىنى
تولۇقلايدىغان بىر جۈپ ئۇقۇمدىن تۈزۈلگەن. مۇشۇ
تۆت نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، خۇسۇسىيى-
تى، ئورنى، رولى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئىچكى قەۋ-

تىگە ئەقىل يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

358 سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدە دۇر،
ئۇقۇسالىڭ دىققەتلە، مەنا ئاچىلۇر.

دەيدۇ.

ئەسەردىكى بۇ تۆت شەخس — كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلار بولۇپ، كۈنتۇغدى ئادالەت بىلەن قانۇندىن ئىبارەت بىر جۈپ ئۇقۇمنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن نام، ئەسەردە بايان قىلىنغىنىدەك كۈنتۇغدى، ئايتولدى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە «ئادالەت، قانۇن، ئۆزۈمەن قارا» دەيدۇ. بۇ يەردە ئادالەت بىلەن قانۇن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئادالەت بولغاندىلا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئىگە بولالايدىغان قانۇننى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. قانۇن بولغاندىلا ئادالەت كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئايتولدى — بەخت بىلەن سائادەت (دۆلەت) نىڭ سىمۋولى. ئەسەردە «بۇ ئايتولدى — بەخت ھەم سائادەت ئۆزى» دەيدۇ.

ئۆگدۈلمىش — بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ سىمۋولى. ئەسەردە بىلىم بىلەن ئەقىلنى مەنبە جەھەتتىن پەرقلەندۈرسىمۇ، لېكىن بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى ئۇقۇم دەپ قاراپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە بىرلەشتۈرىدۇ.

289 ئۆسەر ئەر ئەقلدىن، بىلمدىن بۇيۇر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

1952 بىلىم بىرلە بەگلەر ئىلىن باشلىدى،
ئەقىل بىرلە خەلقنىڭ ئىشىن ئىشلىدى.

1679 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش: ئىلىگ قۇتى،
بىلىم ھەم ئەقىل — بۇ پەزىلەت ئىتى.

ئۆدغۇرمىش — ئاقىۋەت بىلەن قانائەتنىڭ سىمۋولى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ قانائەتلىك بولالىشىنى ئاقىۋەت بىلەن، يەنى ئادەم ئاقىۋەت بىرىپ ئۆلۈپ، ئىككى خام بىلەن قوڭۇر يەر ئاستىغا كىرىشىنى ئەستە تۇتۇش بىلەن باغلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ھەممىگە بىردەك بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان جەمئىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىدە فرانسۇز مەرىپەتچىلىرىنىڭ ئەقىل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مەنبەسى دەپ* قارىغانىغا، فېيېرباخنىڭ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق تارىخنى ئىلگىرىلەتكۈچى كۈچ دەپ قارىغىنىغا ئوخشاشلا، جەمئىيەت

تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى سەۋەبلىرىنى ماددىي مۇناسىۋەت-لەردىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى مۇناسىۋەتلەردىن ئىزلەيدۇ.

ئادالەت بىلەن قانۇن، بەخت بىلەن سائادەت (دۆ-لەت)، بىلىم بىلەن ئەقىل، ئاقىۋەت بىلەن قانائەتتىن ئىبارەت تۆت نەرسىدىن تەشكىللەنگەن بىر پۈتۈن سىستېما ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقاد يۇسۇپ خاس ھاجىپ-نىڭ تارىخ قارىشىنىڭ يادروسى بولۇپ، بۇلار غايىۋى دۆلەتنىڭ نىشانىسى ۋە ئاساسىي ئامىللىرىنى ئۆز ئىچى-گە ئالىدۇ.

بەخت - سائادەت (ئايتولدى) — غايىۋى دۆلەت-نىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى. غايىۋى دۆلەت قۇرۇش-تىكى مەقسەت جەمئىيەتنى بەخت - سائادەتكە ئېرىش-تۈرۈش. ئادالەت بىلەن قانۇن (كۈنتۇغدى)، بىلىم بى-لەن ئەقىل (ئۆگدۈلمىش)، ئاقىۋەت بىلەن قانائەت (ئودغۇرمىش) غايىۋى دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئامىلى. يەنى ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى. «قۇ-تادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈر-گۈچى بىلىم) نىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ئەنە شۇنداق تۈزۈلىدۇ. كىتابقا بېرىلگەن نامنىڭ مەنىسى كىتابنىڭ مۇشۇ مەزمۇنى بىلەن يېشىلىدۇ.

ئەسەردىكى ئۈچ ئامىل (ئۈچ جۈپ كاتېگورىيە) بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە. لېكىن ئۇلار ئىچكى جەھەتتە بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ. بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ.

ئەسەردە ھېكايە قىلغىنىدەك، بىر كۈنى ئايتولدى ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ھۆكۈمدارنىڭ بىر-بىرىگە چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرغىنىنى، قولىدا پىچاق، ئوڭ تەرەپتە شېكەر، سول تەرەپتە زەھەر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسىنى ھۆكۈمداردىن سورايدۇ. ھۆكۈمدار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

801 مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۇرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى ھەم قايماس بولۇر.

803 قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياغنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى، ئولتۇرۇچى چۈشەر.

بۇ يەردە ھۆكۈمران ئولتۇرغان كۈمۈش كۇرسىنىڭ ئۈچ پۇتلۇق بولۇشى ئەنە شۇ غايىۋى دۆلەتنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە چېتىقسىز بولغانلىقى ھەر بىر ئامىلنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىرى قىڭغايسا، ئىككىسىنىڭ قېيىپ ئولتۇرغۇچىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى، غايىۋى دۆلەتنى مەيدانغا چىقىرىشتا زۆرۈر بولغان ئۈچ ئامىلنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلىشتا بىرسى

كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچ ئامىلنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۇستەقىللىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ مەزمۇن، خۇسۇسىيەت جەھەتتە. جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى جەھەتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدىدۇر.

كۆزنۇغدى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي قانۇن ئىدىيەلىرىنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇلۇشى. ئۆگدۈلمىش — ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسى، يەنى «كىشىلىك ئۇلى» توغرىسىدىكى ئەقلىي پرىنسىپلارنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇلۇشى. ئودغۇرمىش — ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسى توغرىسىدىكى ئىدىيەلەرنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچ ئامىل ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئادالەت بىلەن قانۇن. بۇ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدار بىلىم بىلەن ئەقىل كۈچىگە ئايىنىپ تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى — جەمئىيەتتە ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادالەتلىك قانۇن بولغاندىلا ئاندىن بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا بەخت - سائادەت ئۆزلۈك-

دىن سېپىنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ. جەمئىيەت بەخت - سائا-
دەتكە ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بەخت - سا-
ئادەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئايغا ئوخشاش تۇراقسىز بولىدۇ،
كېلىپ - كېتىدىغان بولىدۇ. بەخت - سائادەتنىڭ بۇ
خىل تۇراقسىزلىقىنى ئۇنىڭ قۇسۇرى دېيىشكە بولمايدۇ.
بۇنداق دېيە، بەخت - سائادەتكە تۆھمەت قىلغانلىق
بولىدۇ. بەخت - سائادەتنىڭ تۇراقسىز بولغانلىقى ئۇ-
نىڭ يېگى نەرسىنى تاللايدىغانلىقىدا. يالغۇز ئادالەتلىك
قانۇننىڭ بولۇشى بىلەن بەخت - سائادەتنى تۇتۇپ
قالغىلى بولمايدۇ، ئۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي كېتىپ قالىدۇ.
بەخت - سائادەتنىڭ كېتىپ قېلىشىنى ئەسەردە مۇنداق
چۈشەندۈرىدۇ:

1712 بىلمىسىزگە كەلسە گەر دۆلەت ۋە قۇت،
بۇ دۆلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە، پۇت.

دېمەك، بەخت - سائادەتنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈ-
چۈن يالغۇز ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىل-
مايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىنى
قۇرغۇچى بىلىم بىلەن ئەقىل (ئۆگىدۈلمىش) زۆرۈر. ئە-
سەردە بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆگدۈل-
مىش ھۆكۈمدار ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئادالەت بىلەن قانۇن-
نىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە
ئاتىسى ئايتولدىدىن قوبۇل قىلغان ئەقلىي پرىنسىپلارنى

ئىنساپپەرۋەرلىكىنىڭ ئۇلى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى سىياسىي قانۇن تۈزۈملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بىر قانچە تەرەپتىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى ھۆكۈمدار ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە ھۆكۈمدارنىڭ دوست - قولداشلىرى كۆپىيىدۇ. ھۆكۈمدار ھۇزۇرلىنىدۇ، ئەلنىڭ ئۇلى چىڭىيىدۇ، ئاۋام خەلق پۈتۈنلەي باي بولىدۇ.

ئاقىۋەت بىلەن قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشنىڭ ھۆكۈمدار ھۇزۇرىغا كېلىشى بەخت - سائادەتنىڭ ئۆزى كېلىپ ئۆزى كەتكىنىگە ئوخشايدۇ. بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ تەكلىپ بىلەن كەلگىنىگىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ناھايىتى مۇشكۈل. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىت نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

3694 بېرەلمەس خانغا نەپ پەزىلەتلىرىم،
نە خۇلقىم، مىجەزىم، سۆز - ھەركەتلىرىم.

ئەمما كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئۇنى بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسى دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش نىيىتىدىن يانمايدۇ. ئۆگدۈلمىش:

3150 ئۇنىڭ پەزلى مەندىن يۈز ھەسسە ئوشۇق،
كىشلەر خىلىدۇر، گويا مىسلى يوق.

3861 ئۆزۈمنىڭ ئىلىدە تىلەك ئىستىسەم،
مۇناسىپ بولۇرمۇ ئاڭا يەتمىسەم.

دەپ ئودغۇرمىشنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۆگدۈلمىشنى يەنە ئىككى قېتىم ئەۋەتىپ ئۇنى داۋاملىق تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پايدىلىق پىكىرلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇلداق بولۇشى ئودغۇرمىش (ئاقىۋەت بىلەن قانائەت) بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3799 تولا ياخشى ئېيتمىش قانائەتلىك گەر،
قانائەت ئىچىندە بەخت قوچقان ئەر.

5389 كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان

5404 سېنى يوق ئېتەر شۇ نەپسانىي لەززەت،
كەچ ئۇندىن، دېمەي سەن، كەچمەك مۇشەققەت.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي قانۇن، بىلىم ـ ئەقىل، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىق ئىدىيەلەردىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئاددىي ئۇ-

سۇلدا ۋەز - نەسىھەت شەكلىدە بايان قىلىنغان بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى، دۆلەت تەلىماتى توغرىسىدىكى مول بىلىملىرىنى ئىجتىمائىي ساھە بويىچە ئەڭ ئومۇمىي بولغان كاتېگورىيىلەر ۋاسىتىسى بىلەن بايان قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇچرايدىغان پەلسەپە مەسىلىلىرى ھەرگىز نورمال ئاڭغا ئىگە ھەر قانداق ئادەمدە بولىدىغان ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن سىستېمىسىز، ئاڭسىز دۇنيا قاراشنىڭ پارچىلىرى ئەمەس، بەلكى دۇنيا قاراشنىڭ نەزەرىي سىستېمىسىغا باغلىق بولغان كونكرېت مەزمۇنلاردىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخ قارىشى ۋە ئەخلاق پەلسەپىسىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بىر پۈتۈن پەلسەپە تەلىماتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

## 2

«قۇتادغۇ بىلىك» بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇ بىر پەلسەپىۋى ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ھەم پەلسەپىۋى تەپەككۇر ۋاسىتىسى بىلەن، ھەم شېئىرىي شەكىلدىكى ئوبرازلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا دىنىي تۈس بېرىلگەن. بۇنىڭ

سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىشقاندا، دىققىتىمىزنى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇنغا ۋە ئۇلار ئوت- تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. زامان توغرىسىدا ئېيتقانلىرى:

6451 ئى ئالىم قاراپ كۆر، بۇگۈنكى زامان—
ئۆزگەردى ئىش - ھالەت پۈتۈنلەي بۇ ئان.

6452 بىلىملىك خار بولدى، چەتلەتتى ئۆزىنى،
ئەقىللىق گاچا بولدى، ئاچماس تىلىنى.

6453 كۆپەيدى ئەل ئىچرە يامان — پەس كىشى،
ياۋاش بولدى دەپسەندە، چۈشتى بېشى.

6458 ھالالنىڭ ئىپتىلا قالدى، ئۆزى يوق،
ھارام بولدى قاراقچى، تويغۇچى يوق.

6459 قېنى بۇ ھارامنى ھارام دېگۈچى،
ھارامنى قويۇپ بىر ھالال يېگۈچى.

6469 كىچىكتە ئەدەب يوق، ئۇلۇغدا بىلىك،
قوپاللار كۆپەيدى، يوقالدى سىلىق.

6487 پېقىر، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەتچى يوق،
جاھان ئۆزگەردى ھەيران بولغۇچى يوق.

بۇ مىسرالاردىن كۆرۈلىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ زاماندىن (جەمئىيەتتىن) قاتتىق نارازى، بۇنداق
جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىزار.

2. مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىمىلىكى، كونىنى يېڭىغا ئۆز-
گەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى:

1213 جىمىكى نەرسىنىڭ كونى بەلگىلىك،
نەپەس - تىن ئېلىشنىڭ سانى بەلگىلىك.

692 تۆرەلگەن نېمەلەر بارى يوقىلۇر،
تۆرەلتكەن بىر ئاللا، نە قىلسا قىلۇر

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يالغۇز زاماننىڭ بۇزۇلغانلى-
قىنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئور-
نىغا «يېڭى»، «لەززەتلىك» جەمئىيەت قۇرۇش لازىملىقىنى
ۋە بۇنداق جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى جەمئىيەت تەرەققىيا-

تىلغا، خەلقىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆر-سىتىپ ئۆتكەن.

د. تىل توغرىسىدا ئېيتقانلىرى:

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسقا ياشلىق سېنى،
تىلەسەڭ ئېسەنلىكنى، چىڭ تۇت ئۇنى.

966 قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر،
يېدى قانچە باشنى، يەنە ھەم يېيۇر.

983 بۇ تىل زەرەردىن كەر قورقساڭ ئۆزۈڭ،
يوشۇرۇن قالۇر ھەر پايدىلىق سۆزۈڭ.

تىل توغرىسىدىكى بۇ مىسرالار ئۆز ئىچىگە ئالغان زىددىيەتلىك ھالەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىر تە-رەپتىن ئالدىنقى ئىككى بېيىتتە ئېيتىلغىنىدەك، دىققەت قىلىنمىسا تىل باشنى يەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا؛ ئا-خىرقى بېيىتتە ئېيتىلغىنىدەك باش كېتىشتىن قورقۇپ، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلماي قويۇشنىڭمۇ توغرا ئەمەسلى-كى كۆرسىتىلگەن.

دېمەك، جەمئىيەت بۇزۇلغان، ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك دەپ تونۇغان ئاپتور ئۆزىنىڭ جەمئىيەت قارىشىنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ ھەممىگە بىردەك بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش تەشەببۇسلى-

رىنى، قانداق تىل، قانداق ئۇسلۇب، قانداق شەكىل
بىلەن قانداق تۈس بېرىپ، بايان قىلىش توغرىسىدا
كۆپ باش قاتۇرغان. شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، شۇنداق بىر چوڭ-
قۇر پىكىر، يۈكسەك ماھارەتنى نامايەن قىلغانكى،
نەتىجىدە قاتمۇ قات مەزمۇنلارغا ئىگە بولغان پەلسەپ-
ۋى ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كەلگەن.

ئەسەرنىڭ دىنىي تۈس ئېلىشى — بىر تەرەپتىن
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى
بىر مۇسۇلمان بولغانلىقى بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئو-
لوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسى،
قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ،
ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، ئۇ
چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي
ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈل-
لەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى
ئۇچۇن ئېيتقاندا زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممى-
نىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇ-
رىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى.»①

ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىشتا قول-
لانغان مۇنداق مۇرەككەپ شەكىل، ئاپتورنىڭ تارىخ
قارىشىنى يالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدىغان-

① «لۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ئۇي-
غۇرچە نەشرى 66 — 67 - بەتلەر.

لىقىدىن، شۇنىڭدەك ئۇلى قويمايمۇ بولمايدىغانلىقىنى
كېلىپ چىققان. مەسىلىنى مۇنداق چۈشىنىش «قۇتادغۇ-
بىلىك» نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، كىشىنىڭ دىققى-
تىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بىر مەسىلىنى، يەنى
ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ ئە-
نى ۋاقىتتىكى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغ-
راخانغا تەقدىم قىلىنىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەن بۇغ-
راخان شائىرنى قەدىرلەپ ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» ئۇن-
ۋانىنى بەرگەنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق
چۈشىنىشتىن ئىبارەت مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشقا يار-
دەم بېرىشى مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە مەۋجۇت
جەمئىيەتنى، يەنى كىتاب تەقدىم قىلىنغان ھەسەن بۇغ-
راخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەمئىيەتنى قاتتىق
تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنىڭ لايىھىسىنى
ئوتتۇرىغا قويغان. ۋاھالەنكى، مۇنداق بىر ئەسەرنى
ھەسەن بۇغراخان خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاپ-
تورنى مۇكاپاتلىغان. بۇ مەسىلىدە بەزى يولداشلار
«مۇشۇنداق قاتتىق نەسىھەت، تەنبىھ ۋە تەنقىدكە قار-
ماي شائىرنى قەدىرلەپ، خاس ھاجىپلىققا كۆتۈرگەن
ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئۆزىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولسا
كېرەك» دەيدۇ.

ھەسەن بۇغراخاننىڭ دىققەتكە سازاۋەر شەخس
بولۇشىنى ھەر خىل مەزمۇندا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.
لېكىن ئۇلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەمئىيەتنى ئۆز-

گەرتىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھازىرچە يېتەرلىك ئاساس يوق. مۇنداق چۈشەندۈرۈشنىڭ بىردىن بىر ئاساسى، ھەسەن بۇغراخاننىڭ مۇشۇ كىتابنى قوبۇل قىلىپ، يۈسۈپنى «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانى بىلەن مۇكاپاتلىغانلىقىدىن ئىبارەت.

مېنىڭچە، ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ كىتابنى قەدىرلەپ يۈسۈپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بېرىشى ئۇنىڭ كىتابنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق دەپ چۈشەنگەنلىكىدىن بولغان. ھەسەن بۇغراخاننىڭ كىتابنى قانداق چۈشەنگەنلىكى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ كىتابنى قەدىرلىشى، ئەسەردىكى ئاساسىي ئىدىيىنى چۈشەنگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ، خۇددى پروسىيە پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت پەلسەپىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن گېگېل پەلسەپىسى سىستېمىسىغا قىلىنغان مۇئامىلىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بار.

گېگېل پەلسەپىسى پروسىيە پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت پەلسەپىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۆزى ئالىي مەكتەپنىڭ لېكتورلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەسەرلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. پروسىيە پادىشاھى فرېدرىخ ۋىلگېلم III گە يارىغان بۇ پەلسەپە ئىنقىلابىي ئاملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

لېكىن بۇنى مەيلى گېگېل پەلسەپىسىنى قەدىرلىگەن پرو-
سسىيە ھۆكۈمىتى بولسۇن، ياكى شۇ دەۋرلەردە ئىنقى-
لاب ۋەكىللىرى دەپ ھېسابلانغان گېگېل پەلسەپىسىگە
كەسكىن قارشى تۇرغان بۇرژۇئازىيە ھۆررىيەتپەرۋەر-
لىرى بولسۇن ھېچقايسىسى كۆرەلمىگەن. پەقەت گېرما-
نىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ھېنرىخ ھايىنى (1797—1856)
1833 - يىلىلا گېگېل پەلسەپىسىدىكى ئىنقىلابىي ئامى-
لىنى بايقىدى. پلېخانوف ھايىنىڭ گېرمانىيە توغرىسىدا
توختالغان خېتىنىڭ پارچىلىرىدىن مۇنداق بىر نەقىلنى
كەلتۈرىدۇ: «بىر قېتىم مەن ‹مەۋجۇت بولغانلىكى نەر-
سىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ› دېگەن
سۆزنى ئانچە چۈشىنەلمەي تۇرغىنىمدا، پەلسەپە پادى-
شاھى (گېگېلنى دېمەكچى) بىر ئاز ئەجەبلەنگەن ھال-
دا كۈلۈپ كەتتى، ھەمدە ‹بىلىش كېرەككى، بۇ سۆز-
نىڭ مەنىسى بارلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسىلەر مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشى كېرەك دېگەنگىمۇ قارىتىلغان›، دەپ
كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇياق - بۇياققا ئالاقزادىلىك بى-
لەن نەزەر سېلىپ چىقىپ، يەنە جىمىپ قالدى. ھەمدە
ئۆزىنىڭ سۆزىنى ھېنرىخ بىلىنگىلا ئاڭلاپ قالغانلىقىغا
ئىشەندى»①. بۇ يەردە ھايىنى، گېگېل ئۆز پەلسەپە-
سىنىڭ ئىنقىلابىي ئەھمىيىتىنى ئۆزى چۈشىنىدۇ، بىراق،
ئۇنى ئاشكارىلاشتىن قورقىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

① پلېخانوفنىڭ ئېنگېلس يازغان «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ناملىق كىتابىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، ئۈچىنچى نەشرى 116 - بەت.

دېمەك، ھەسەن بۇغراخانمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي مەزمۇننى چۈشەنگەن ئەمەس، بەلكى خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقىنىدەك «پادىشاھلارغا لايىق بىلىم»، «ھۆكۈمرانلىق ئىلمى»، «ھاكىمىيەت ئىلمى» دەپ چۈشەنگەن. مېنىڭچە، «قۇتادغۇ بىلىك» پادىشاھلارغا لايىق بىلىم ياكى ھۆكۈمرانلىق ئىلمى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلغار پەلسەپىۋى ئەسەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XIX ئەسىردىكى ئۇتوپىك سوتسىيالىستلاردىن ئەمەس، بەلكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيە تەرەققىياتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى (XIV — XVI ئەسىر) دىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى فېئودالىزمغا، جاھالەتكە كەسكىن ھۇجۇم قوزغاپ بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىغا بىردەك بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان «يېڭى»، «لەززەتلىك» جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ. ئۇنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسى تارىختا زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن ياشىغان دەۋرىنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى ۋە سىنىپىي چەكلىمىسى تۈپەيلى، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىنى ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ ماتېرىيالىزم ئاساسىدا ئىزاھلاپ بېرەلمىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تارىخ قارىشى ئىنسانىيەت تا-

رىخىي قارىشىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئۆتتۈپ كەتكەن بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنى ھەرگىز ئىنسانىيەت تارىخىي قارىشىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ. خۇددى ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيىتىدە شانلىق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى يارىتىلدى. قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىقلاپ ئۇنىڭ فېئوداللىق شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ دېموكراتىك مېغىزىنى قوبۇل قىلىش — مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەمما ئۇلارنى تەنقىدسىز قارا - قويۇق قوبۇل قىلىۋېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ»①. «قۇتادغۇ بىلىك» جۇڭگونىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىشتا دەل ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەنە شۇندىق ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 2 - توم، 686—687-بەتلەر.

ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىنى جۇڭگو-دا ئەزەلدىن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان. ئورتاق تارىخىي تەقدىرگە ئىگە بولغان ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى جۇڭگو ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ياكى پەلسەپە تارىخى بولسۇن، مۇشۇ تارىخىي پاكىتنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەندىلا ئاندىن مۇكەممەل. ئەتراپلىق جۇڭگو ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ياكى جۇڭگو پەلسەپە تارىخى بولالايدۇ. بىراق، بۇ مەسىلە تېخى يېتەرلىك ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەتلەرنىڭلا مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر ۋەزىپە. شۇنىڭدەك بىزدىن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ۋەزىپە.

# ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە

## — «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى قانۇنشۇناسلىق تەلىماتلىرى ھەققىدە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

### 1

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر تارىخىدا بىر دەۋرنىڭ ئىدىيولوگىيىسى ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىيات نەتىجىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن يىرىك داستان. ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنىڭ مۇھىم بىر جەۋھىرى قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىدىن ئىبارەت. گەرچە، بۇ تەلىماتتا: فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، «جامائەتچىلىك سىياسىتى»، «بەختكە ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-پەزىلەت، دانىشمەن رەئىس، ئادالەتلىك سىياسەت ۋە پەزىلەتلىك دۆلەت توغرىسىدىكى ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەت-

چى ئۇدىيىلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن رېئال دۆلەت ئاپپاراتىنى ئاقلانە، ئادىل، مۇستەقىل ۋە كەسكىن قانۇن بويىچە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلەر پۈتۈنلەي يۈسۈپ خاس ھاجىپقا خاستۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى قانۇنشۇناسلىق نۇقتىدە سۆز بولغاندا كىشىلەر يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن سەككىز ئەسىر كېيىن ئۆتكەن نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ تاجى ھېسابلانغان گېگېل (1770 — 1831 - يىللار) نى ئەسكە ئالىدۇ.

مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تە گېگېلنىڭ «ھوقۇق پەلسەپىسى» ناملىق كىتابىدىكى قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيەلەردىن ئادەم ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ ئەقىل - پاراسەت، بىلىم ۋە تەرەككىيات يولىنىدىغانلىقى، ئادەمنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقى ۋە ئۆز بەختى - سائادىتى ئۈچۈن كۈرىشىش ھوقۇقىغا ئىگەلىكى، ئاقىلانە قانۇن ئاساسىدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بەرپا قىلىش ئەڭ ئالىي ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى ئالدىقاچانلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ گېگېلدىن پەرقى، مەلۇم مەنىدە ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلغارلىقى شۇ يەردىكى، گېگېل فرانسۇز بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سىياسىي تارىخ سەھنىسىدە نېمىس ئاقسۆڭەك فېئودال جەمئىيىتىنى كونستىتوتسىيىلىك پادىشاھلىق تۈزۈمى بىلەن يوپۇقداش ئارقىلىق ئۇنى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرىدىن ساقلاپ قالماقچى بولغان-

دى. ۋاھالەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كونىلىقىنى ھېمايە قىلغۇچى گېگېلدىن پەرقلىق ھالدا، ئوتتۇرا ئەسىر سىياسىي سەھنىسىدە فېئودال ئىېرارخىيىلىك ھاكىم مۇتلەق خانلىق تۈزۈمىنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن تىزگىنلەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زامان ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ھۆكۈمران كالامىزم (دىنىي ھوقۇقچىلىق) كۆز قاراشلىرىدا كۈچەيپ تەرغىب قىلىنغان فېئودال ئاقسۆڭەك ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ھاكىم مۇتلەقلىقى بىلەن ساماۋى ئالەم بەخت - سائادىتى توغرىسىدىكى ئەپسانىلارغا غەرق بولغان تەركىدۇنيا ئىستىقامەتچىلىكى تەشەببۇسلىرىغا زىت ھالدا ئىنساننىڭ رېئال ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بەخت - سائادىتى ۋە دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىقى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ مۇنەۋۋەر نامايەندە ياراتتى. روشەنكى، ھەممە ئادەمنىڭ خان ئەۋلادى، ئەمەلدار ياكى قۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى (818 - بېيىت)، قانۇن ئالامەتلىرىنىڭ ئادالەتلىكى (819 -، 821 - بېيىتلار)، دەخلىسىزلىكى (833 -، 834 - بېيىتلار)، ئىزچىل بىردەكلىكى (824 -، 825 - بېيىتلار)، ھەم ئوچۇق - يورۇق (827 - بېيىت)، ئىللىق (829 - بېيىت) بولۇشى، ھەم كەسكىن (811 - ۋە باشقا بېيىتلار) بولۇشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھالەتلىك مۇھىتىگە خاتىمە بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچ-

قان غەربىي ياۋروپا بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى ئالدىدىكى
سىياسىي تەلىماتلار تارىخىمۇ كىرگەندى.

2

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسى
بىر پۈتۈن سىستېما بولۇپ، ئۇ: دۆلەتنىڭ ئاساسى —
ھەر خىل كەسپ ۋە تەبىقىدىكى خەلق ئاممىسى ئىكەن-
لىكى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي
بەخت - سائادىتىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكى توغرىسى-
دىكى تەلىماتلار؛ دۆلەت باشلىقىنىڭ دانىشمەن مۇتەپەك-
كۇر بولۇشى ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەقلىي، كەسپىي
قابىلىيىتى، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي شەرتلىرى توغرىسى-
دىكى تەلىماتلار؛ دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باش-
قۇرۇش ۋە ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى
توغرىسىدىكى تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۈسۈپ
خاس ھاجىپ خەلق، ئەقىل ۋە بىلىم، بەخت - سائادەت،
ئەخلاق ۋە ياخشىلىق، ئادالەت ۋە قانۇن كاتېگورىيىلىرىنى
بىرلەشتۈرۈپ بىلىملىك خاقان، ئەخلاقلىق بەگ - ئە-
مەلدارلار رىياسەتچىلىكىدە رېئال دۆلەت ئاپپاراتىنى
ئادالەتلىك قانۇنلار بىلەن باشقۇرۇپ، ھەر كەسپ -
ھەر تەبىقە خەلق ئاممىسىنى بەختلىك ھاياتقا ئېرىش-
تۈرۈشنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي ئىجتىمائىي پروگرام-
مىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ماقالىمىزدا پەقەت ئۇنىڭ
دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باشقۇرۇش ۋە ھەممە

ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقماقچىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى تۈزەش ھەققىدىكى بارلىق مەرىپەتپەرۋەر كۆز قاراشلاردىن ھالقىغان ھالدا ئادالەتلىك قانۇن كاتېگورىيىسىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىدىيولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئولى ھېسابلانغان تەڭرى كاتېگورىيىسى بىلەن بىردەك، ھەتتا ئەمەلىيلىكتە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيتىنى كۆككە كۆتۈردى. ئۇ داستاندا مۇنداق يازىدۇ:

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئادالەتلىك قانۇننى گەۋدىلەندۈرگۈچى دۆلەت باشلىقىنى ئەمەلدىكى ياخشىلىقنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ:

3465 ئادىل بەگ يۈزىن كۆرسە، قۇتلۇق بولۇر،
ساۋابىن تاپۇر ھەم گۇناھ يوقۇلۇر.

3466 ئادەم بولغۇنۇمغا، بىلسەڭ، بۇ زامان،
سەۋەبى، يۈلەكچى ماڭا بولدى خان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قانۇننىڭ مىسلىسىز ئەھمىيىتىنى ئۇلۇغلىغاندىن كېيىن، پەقەت دانىشمەن— ئالىم-ھۆكۈمدارلار ۋە ئادالەتلىك قانۇن، جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ داستاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا بۇ ئىدىيىنى مۇنداق بەدىئىي مىسرالار بىلەن بايان قىلىدۇ:

252 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزەپ، ئۆرلىگەن.

1456 يامان تۈزمە قانۇننى، بەك ياخشى تۈز،
كۈنىڭ ياخشى بولغاي ھەم بەختىڭمۇ ئۈز.

1461 كىم ئۇ ياخشى قانۇننى بەرپا قىلار،
ئۇنىڭ شۆھرىتى تائەبەتكە ياشار.

2171 پۈتۈن پەزلى بولسا جىمىدىن ئۈستۈن،
بېرەلىسۇن ئەلگە ئۇ ياخشى قانۇن.

داستاننىڭ 2130 -، 2131 - بېيىتلىرىدىن تۈزۈلگەن رۇبائىدا ئادالەتلىك قانۇن ئاساسىدىكى سىياسەت ھەققىدە مۇنداق باھا بېرىلگەن:

2130 بۇ بەگلەر ئىشىگىن سىياسەت بىزەر،
سىياسەت بىلە بەگ ئېلىنى تۈزەر.

2131 يامانغا سىياسەت يۈرۈتمەك كېرەك،
بۇلغانسا خەلق گەر، سىياسەت سۈزەر.

روشەنكى، مۇتەپەككۇر سىياسەتنى قانۇننىڭ بىر
خىل جەڭگىۋار ۋاستىسى سۈپىتىدە تەرىپلىگەن.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنى
دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدىكى ھۆل-
لۇق مەسىلە سۈپىتىدە جىددىي تەكىتلەپ، ئۇنى ئىنىز-
دا ياكى شەكىلدە كۆرۈنىدىغان «ئويۇن»غا ئايلاندۇ-
رۇپ قويۇشقا قارشى ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تۆ-
ۋەندىكى بېيىتلىرىدا قانۇن بىلەن مالىيە - ئىقتىسادنى
دۆلەتنىڭ ئىككى تىگىزى سۈپىتىدە مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

2132 بۇ دۆلەت تىرىكى، ئۇلى، بەكلىكى،
بۇ ئىككى نەرسىدۇر يىلتىزى — كۆكى،

2133 بىرى، خەلققە بەرمەك قانۇندىن ئۇلۇش،
بىرى، خىزمەت ئەتكەنگە بەرمەك كۈمۈش.

2135 شۇ ئىككىسى بەگدىن خوش ئولغان زامان،
ئەل رەتكە چۈشۈپ، بەگ ئاۋۇنۇر شۇ ئان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش ئۇقۇمى ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىققە زىت ھالدا «قەلەم» ۋە «ئەلەم» دىن ئىبارەت دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئىككى ئاساسىي ھالقىسىنىڭ بىرى، ھەتتا ئاساسلىق تەدبىر سۈپىتىدە كۈچەيتىلىپ ئىزاھلانغان. داستاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق يېزىلغان:

2711 ئەل - يۇرتنى تۇتماقلىق قىلىچلە بولۇر،
بۇ ئەلدە ھۆكۈملەر قەلەملە يۈرۈر.

2426 بولۇر تىز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

2714 قىلىچ — مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتار،
قەلەم — مەملىكەتنى تۈزەپ، مال يىغار.

2716 جاھان تۈۋرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىپىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر؟

شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش لازىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق مەنپەئەتى ۋە ئەقىل - بىلىم شەرتى ئاستىدا ئادالەتلىك قانۇن بىلەن خانلىق (مانار-

خىسلىك) تۇزۇمىنى بىرلەشتۈرگەن، ھەربىي ئىشلار بىلەن قانۇنچىلىق ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ، باشقىچە ئېيتقاندا كونسىتتۇتسىيىلىك مانار-خىيە تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق مۇھىتىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك تەشەب-بۇسچىسى بولغانىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، مۇتەپەككۇر-دىكى ئادالەتلىك قانۇن ئارقىلىق خانلىق ھوقۇقىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت دېموكراتىك خاھىشنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولدى. ئۇ داستاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

2126 ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسي ئادالەت يولى.

2127 بۇ ھىممەت بىلەن ھەم سىياسەت كېرەك،
سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كېرەك.

2128 تۈزەر ئەل قانۇن، سىياسەتلە خان،
ئاۋام خۇلقىنى ھەم ئېلتەر، شۇ تامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەل ئىچىگە ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزۈش، تاشقى دۈشمەنلەرگە قورال بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ، ھەمدە تاشقى دۈشمەنگە بىغەملىك، خەلق ئىشلىرىغا ۋەھىمىلىك ۋە تەمكىنلىك مۇئامىلىدە بولۇشنى دۆلەت مۇنقەرزلىكى

نىڭ مۇھىم سەۋەبى سۈپىتىدە قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇننىڭ ئادالەتلىك بولۇشى بىلەن ئادالەتسىز ساختا «قانۇن» پەرقىنى كۆرسىتىپ، پەقەت خەلققە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداپ، خەلققە سائادەت يارىتىشنى ئادالەتلىك قانۇننىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم قەيت قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ھەقتە داستاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

5197 پۈتۈن خەلق ئۈچۈن سەن بولۇپ مېھرىبان،
كىچىك - چوڭغا ئادىل ھۆكۈم قىل ھەريان.

5302 پېقىر، تۇل، يېتىمنى قورۇغدا ئامان،
شۇ چاغدا بولۇر چىن قانۇن نامايان.

5765 جاھاندا بولۇركەن قانۇن ۋە نىزام،
بەلگىسى كىشىگە كىشىلىك تامام.

روشەنكى، مۇتەپەككۇر ئادالەتلىك قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھتا «ئىنسانغا ئىنسانىي مۇناسىۋەتتە بولماق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېئودال خانلىق ھاكىم مۇتلەقلىقىنى قانۇن بىلەن چەكلەش ۋە تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان كونستىتۇتسىيىلىك مانارخىيە تەرىز- دىكى قانۇنشۇناسلىق تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان-

دا. تارىختا بىرىنچى بولۇپ پادىشاھنىڭ خەلق ئالدىدىكى قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرى ۋە مۇشۇ مەجبۇرىيەتلەر ئاساسىدىكى ھوقۇقى بىلەن خەلقنىڭ ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزگەن دۆلەتكە بولغان قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەتكە ئىگە پرىنسىپال تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ھەقتە داستاندا مۇنداق يازىدۇ:

5574 سېنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ،
بۇ ھەقنى ئۆتەسەن ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.

5575 بىرى، ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن ئايارىن① كۆزەت.

5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭغە بەر،
بىرىن - بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

5577 ئۈچىنچى، ئىمىن قىل يۇتۇن يوللىنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلىنى.

5579 پۇقرالار ئۈزە بار سىنىڭ ئۈچ ھەققىڭ،
ئۇلاردىن سورا. ئاچ ئەمدى قولاقىڭ.

---

① ئايار — (ئەرەبچە) ئالتۇن - كۈمۈش پۇلنىڭ سالىقى.

5580 بىرى، يارلىقىغىنى ئېزىز تۇتسالەر،
ئېمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسالەر.

5581 ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىن تومسا،
ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا.

5582 ئۈچىنچى، يېغىغا يېغا بولسالەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسەلەر.

5583 ئۆتتۈگەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىن،
ئۇلارمۇ ئۆتتۈگەن بولۇر ئۆز ھەققىن.

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھنىڭ ھوقۇقى بىلەن خەلقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ھاكىم مۇتلەق ئورۇنغا قويمىغان. ئۇ ئاۋۋال مەجبۇرىيەت، ئاندىن ھوقۇق پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر توغرا ئىزاھلىغان. قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئىقتىسادىي مەسىلىنى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان پۇل مۇئامىلىسىدە پۇلنىڭ ساپلىقى ۋە تۇراقلىقى مەسىلىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. بۇ گەيىنى زاماندا ئەمەلىي ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، كۈمۈش پۇللارنىڭ ساپلىقى ۋە تۇراقلىقى بۇزۇلغاچقا، يۈسۈپ قەدىرخان، ئىبراھىم بىننى ناسىر ئارسلان خان دەۋرىدە كۈمۈش پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغانىدى.

## 3

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكى ئىدىيىسى تەنتەنىلىك جۈملىلەر ۋە ئوبرازلىق مىسرالار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھوقۇق پەلەپىسى تارىخىدا قىممەتلىك تۆھپە ھىسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنى خاقان كۈنتۇغدىنىڭ ئۆز سۆپەتلىرىنى ۋەزىر ئايتولدىغا تونۇشتۇرغانلىقى شەكلىدە بايان قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈنتۇغدى ئوبرازى تىلىدىن قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ، ھەتتا شاھزادە بىلەن قۇلنىڭمۇ باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ھوقۇقشۇناسلىق ئىدىيىسى بىلەن، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۇنىڭ نوپۇزلۇقلۇقى، ئادىللىقى ۋە كەسكىنلىكىدە گەۋدىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. داستانىنىڭ 824 - بېيىتىدىن 835 - بېيىتىگىچە ئارىلىقتىكى مىسرالىرىدا كۈنتۇغدى ئېلىك (دانىشمەن پادىشاھ)نىڭ ئادالەتلىك قانۇنىنىڭ سىماسى سۆپىتىدە بىرىنچىدىن، قۇياش نۇرى ھەر كۈنى بىردەك بولغىنىدەك ئادالەتتە ئىزچىللىقتا ئىكەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، قۇياشنىڭ ھەممە يەرگە بىردەك نۇر چاچىدىغانلىقىدەك ئادالەتتە ھەممىگە بىردەك

ئۇر چاپچىدىغانلىقىنى؛ ئۇچىنچىدىن، قۇياش ئىللىقى زې‑
مىننى گۈللەندۈرگىنىدەك، ئادالەتتە خەلققە تەڭ مەنپە‑
ئەت بەخش ئېتىدىغانلىقىنى؛ تۆتىنچىدىن، ئايدەك بىقا‑
رار بولماي، مەڭگۈ يۇلتۇزلاردەك ئۆزىنىڭ ئادالەتتىكى
ئىزچىللىق، باراۋەرلىك ۋە ئىللىقلىق خۇسۇسىيەتلىرى‑
نىڭ بەرقارارلىقىنى ئىزاھلايدۇ. داستاننىڭ تۆۋەندىكى
بېيىتلىرىدە مۇنداق روشەن ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

816 بۇ قاشىم تۈرۈكى، بۇ كۆركسىزلىكىم،
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

828 مېنىڭمۇ ھۆكمۈم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىقىم سۆزۈم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئا‑
دەمنىڭ باراۋەرلىكى ئىدىيىسى ئۇنىڭ ھوقۇقشۇناسلىق

ئىلمىدىكى غايەت زور تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرۈش لازىم. بۇ XVIII ئەسىر فرانسۇز بۇرژۇئازى-
يە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى «كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى»
دا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئا-
دەم باراۋەر» دېگەن كۆز قاراشتىن يەتتە ئەسىر ئىلگى-
رى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى بىلەن مىسلىسىز تارىخىي قىم-
مەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن قانۇن-
شۇناسلىق كۆز قاراشلىرىنىڭ يەنە بىرسى ئادالەتلىك
قانۇننىڭ مۇستەقىل نوپۇزى، ئىنئام بىلەن جازانىڭ
روشەنلىكى، قانۇنىي تەدبىرلەرنىڭ ئۈزۈل - كېسىل-
لىكىدىن ئىبارەت. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قانۇن ھۆكۈم-
رانلىقتىن ئۈستۈن، ھۆكۈمرانلىق ھەر قانچە ئۇلۇغ
بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر» دەپ تەكىتلەيدۇ.
داستاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا ئادالەتلىك قانۇن ۋە
ئۇنىڭ مۇستەقىل نوپۇزى ھەققىدە مۇنداق توختىلىدۇ:

800 ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن، قارا،
قانۇننىڭ ۋەسپىنى بۇلاردىن سورا.

801 مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۈرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۈتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

805 نېمىكى تۈز بولسا، پۈتۈن ئۈز بولۇر،
نېمىكى ئۈز بولسا، دېمەك تۈز بولۇر.

806 نېمىكى ئېگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى، يامانلىق ئۇرۇقى بولۇر.

داستاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتىدە:

811 پەچاقتەك كېسەرمەن، پەچىپ ئىشىنى،
ساقلا تىماي دەۋاغا كەلگەن كىشىنى.

دەپ، ئادالەتلىك قانۇننى يۇرگۈزۇشتىكى ئۇزۇل - كېسىللىكنى تىلغا ئالسا. داستاننىڭ 812-، 813-، 814-، 815 - بېيىتلىرىدە خاقان كۈنتۇغدىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھەسەل بىلەن زەھەر سېلىنغان قاچىلار تەمسىلىدە ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازانىڭ روشەن بولۇشلۇقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي پىكىرلەرگە بېغىشلانغان كەڭ سەھىپىسىدە زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىر خىل قاباھەت ۋە جىنايەت شەكلىدە ئەيىبلەنگەن. بىز داستاننىڭ 2032 -، 3107 - بېيىتلىرىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ زۇلۇمنى ئوتتەك بالايى ئاپەت سۈپىتىدە، قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنى بۇ ئوتقا زىت بولغان ھايات كۆكەرتكۈچى سۇدەك خاراكتېرلىگەنلىكىنى كۆرسەك. 2030-، 2031-، 2034 - بېيىتلەردىن مۇتە-

پەككۇرنىڭ «زۇلۇم جاھاننى ۋەيران قىلىدۇ، خەلق زۇلۇمنى كۆتۈرمەيدۇ، زوراۋان ھاكىمىيەت ئۇزۇن دەۋران سۈرەلمەيدۇ، پەقەت ئادالەتلىك قانۇن بىلەن جاھان تۈزۈلىدۇ» دېگەن ئاقىلانە سىياسىي قانۇن كۆز قارىشىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

2032 زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا نېمەتلەر ئۈنەر.

3107 قانۇن سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت، بەلا،
ئېقىتتىڭ سۈزۈك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

2030 سۈرەلمەس زالىم بەگ، بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

2031 نېمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىملىك سۆزۈن:
بولالمايدۇ زالىم ھۆكۈمران ئۇزۇن.

2034 ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ھاكىممۇتلەقلىقى، شەپقەتسىز زۇلۇم ۋە ئىجتىمائىي پاجىئە ھەممە جايغا قاپلاپ كەتكەن جاھالەتلىك شارائىت-

تا كۆرۈنەرلىك ئىنسانپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك خا-راكتېرگە ئىگە بولغانىدى. لېكىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېخى سىنىپىي زۇلۇم، ئىجتىمائىي زوراۋانلىقنى پۈتۈن سىنىپىي جەمئىيەتنى يوقىتىپ، سىنىپسىز جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەن ئاندىن تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەن-مەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تىلغا ئالغان «زۇلۇم» پە-قەت فېئودال ھۆكۈمرانلىق دائىرىلىرىدىكى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ۋە ئادالەتسىزلىك ھادىسىلىرىنى نە-زەردە تۇتقان بولۇپ، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈ-مىنى تۈپ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاش دېگەن چۈ-شەنچىدىن تولىمۇ يىراق ئىدى.

4

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سى-ياسىي دۆلەت ئاپپاراتى ۋە قانۇنشۇناسلىققا ئائىت تەلى-ماتلار كەڭ دائىرىنى — دۆلەت باشلىقى، ۋەزىر ۋە سەر-كەردە، ھەر خىل ئەلچى - تاشقى ئىشلار بويىچە ۋەزى-پە ئۆتىگۈچى بەگ - ئەمەلدارلار، دۆلەت خادىملىرىنىڭ كەسپىي ۋە ئەخلاقىي شەرتلىرى، خىزمەت ئىستىلى، ئىق-تىسادىي قانۇنچىلىق، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي تە-بىقە ۋە كەسپ ئەھلىگە قاراتقان سىياسەت[1] پرىنسىپلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم بىر دەستۇرىنى شەكىللەندۈر-گەن. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى-

نى ئەينى زامان پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىلغار سەمەرىسى ھېسابلانغان راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزم پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى ھەربىي دېموكراتىزم ھەم قۇرۇلتاي تۈزۈمى كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا بىر سىستېمىغا كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىلىرىدە بىر قاتار سەلبىي ئىللەتلەر ۋە چەكلىمىلەرمۇ ساقلانغان: يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت باشلىقى ۋە ئەمەلدار - بەگلەرنى «يۇقىرى نەسەبتىن چىققان»، «ئېسىلزادە» بولۇشى لازىم، دەپ قارىدى. ئۇ سوپىزم ۋە سوپىزم تونىغا ئورالغان يېڭى پلاتونىزم ئىدىيىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرىدە، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى قاتلام فېئودال تەبىقىچىلىك سىنىپىي چەكلىمىسى تەسىرىدە قانداقتۇر «تەڭرى ئۇلۇغلارنىمۇ، ئاددىي خەلقنىمۇ ياراتقان»، «ئۇنىڭ بايلىرى ۋە كەمبەغەللىرى، ئەقىللىقلىرى ۋە دۆتلىرى بار» دەيدىغان فېئودallıق دەرىجىچىلىك، ئاقسۆڭەكلىك كۆز قارىشىدىن ئالاقىنى ئۈزەلمىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى گەرچە ئەمەلىي تەدبىر شەكلىدىكى، باشقىچە ئېيتقاندا، سىياسىي پروگرامما خاراكتېرىدىكى تەشەببۇس بولۇپ، قىسمەنلىك جەھەتتە بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن

قوبۇل كۆرۈلۈپ مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلغان بولسى-
مۇ، لېكىن ئومۇمىلىق جەھەتتىن ئىنسانىيەت تارىخىي
نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ تەشەببۇسلار يەنىلا ئۇتوپىيى-
لىك كۆز قاراش ئىدى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا چىق-
قاندىن كېيىن، ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلان خان ۋە
ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئەخمەت بىننى ھەسەن ئارسلان خان
(ھارۇن بۇغراخان III)، ئىبراھىم بىننى ئەخمەت زا-
مانلىرىدا ھېچقانداق كونستىتوتسىيلىك مانارخىيە تۈزۈ-
مىنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ پادىشاھىنىڭ
ئىناپ - تەۋپىقىغا ئەمەس، بەلكى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ
ئۇنى تەلەپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتىغا
باغلىق ھادىسە ئىدى. روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
غايەت مۇنەۋۋەر قانۇنشۇناسلىق تەشەببۇسلىرى ئۆزىنىڭ
خىياللىق خاراكتېرى تۈپەيلى مۇتەپەككۇرگە ئېغىر ئۈ-
مىدسىزلىك ھېسسىياتلىرىنى بېغىشلىدى. ئۇنىڭ 6495 -
بېيىتتە ئۆز داستانىنىڭ يىلنامىسىنى بېرىپ، ئۇنى ئاخىر-
لاشتۇرغاندىن كېيىن، داستانغا قوشۇمچە قىلىپ يازغان «يۈ-
سۈپنىڭ ياشلىققا ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقان-
لىرى»، «زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىز-
لىقى باياندا» دېگەن بابلىرىدا مانا مۇشۇ ئۈمىدسىزلىك-
نىڭ ئىقرارى قەسىدە شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. مۇئەللىپ،
بۇ بابلارنىڭ سەرلەۋھىسىنى ئەلگىرىكىدەك «يۈسۈپ
ئۇلۇغ خاس ھاجىپ» دەپ ئەمەس، پەقەت «يۈسۈپ»
دەپلا ئاتىغان.

ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىقى تارىخىدىكى ئۇلۇغ-

ۋار ئىدىيىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدى-
يەۋى تراگېدىيىلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە كۆز ئالدىمىزدا
فارابىنىڭمۇ، ئەھمەت يۈكنەكىنىڭمۇ، ناۋايىنىڭمۇ، جۇملى-
دىن ئوتتۇرا ئەسىر خىيالىي — غايىۋى ئىنتىلىش ئەزى-
مەتلىرىنىڭ شۇنداق تارىخىي تراگېدىيىسى نامايەن بو-
لىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلغار سىياسىي ئىجتىمائىي كۆز قاراش-
لىرى ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ئىزلىنىشلىرى
يولىدا ماركسىزمچە بولغان ئۇزاق جاپالىق كۆرەش تا-
رىخىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا ئىگە بولۇشى مۇقەررەر.

## «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە باللار تەربىيىسى مەسىلىسى

### تۇرسۇن قۇربان

### I

باللار تەربىيىسى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشتىن، يەنى ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنى ئۇڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلە. شۇڭا باللار تەربىيىسى بىر دۆلەت، بىر مىللەت ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى غۇلاپ كېتىشى، گۈللەپ ياشنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە زور خىزمەتلەردىن بىرى. ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي: «ئىنسان ئۆزىدە قۇۋۋەت ساقلىغۇچى، دۇنيانى تەشكىل قىلغۇچى، «ئىككىنچى تەبىئەت» نى، مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىدۇر؛ ئىنسان ئۆز – ئۆزىنى بىلىش ھەمدە قايتا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆز تەرىپىدىن يارىتىلغان تەبىئەتنىڭ ئورگىنىدۇر؛ باللارغا مانا شۇنى سىڭدۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلىش كېرەككى، باللار ئالتە – يەتتە يېشىدىن باشلاپ

پىكىر قىلىشنىڭ ئاجايىپ كۈچىنى چۈشىنىشكە باشلىسۇن،
ئۆز قابىلىيىتىنى بىلىشنى ئۆگەنسۇن» ① دەپ كۆرسەت-
كەندى. بۇ سۆز بالىلار تەربىيىسى ئىشى بولسا، بالىلارغا
ئىنسانلار ئەمگەك جەريانىدا ياراتقان «ئىككىنچى تەبى-
ئەت» نى، يەنى مەدەنىيەتنى ئۆگىتىپ ۋە پۇختا ئىگى-
لىتىپ، ئۇلارنى ئەجدادلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالايدىغان،
ھازىرقىلارنىڭ بېسىۋاتقان تەرەققىيات يولىنى ئىزچىل
داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئۇتۇقلۇق ۋە
نەتىجىلىك بېجىرىپ كېتەلەيدىغان يارامىلىق خادىملاردىن
قىلىپ تەربىيەلەپ، پارلاق كېلەچەككە ھەقىقىي كېپىللىك
قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىرىنچى ئورۇندىكى مەسىلە
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى شۇنى
ئىسپاتلايدۇكى، بىرەر مىللەتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە مەر-
دانە قىيابەت بىلەن پۇت تىرەپ تۇرۇشى ياكى شۇ
سەھنىدىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىشى، تامامەن ئۇنىڭ ئۆز
ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەنلىكى ياكى ياخشى تەر-
بىيىلىمىگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادا
ئالغا كەتكەن مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ
ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىلىم - پەن
ۋە باشقا ساھەلەردە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتالىشى دەل
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىدا، تۇرمۇشىنىڭ
ھەممە تەرەپلىرىدە ئۆز ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەشكە ئىنتا-

① «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 2 - توم، تاشكەنت، شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى،
368 - بەت.

يىڭى كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشنى
بىرىنچى ئورۇنغا مۇھىم خىزمەت قاتارىغا قويغانلىقى ئۇچۇن-
دۇر. ھالبۇكى، ئارىستوتىلدىن ئۇشىنىسكىيگىچە، كۆڭزىدىن
لۆشۈلغىچە بولغان بارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار باللار تەر-
بىيىسىنى ھەر قاچان پۈتكۈل قۇرۇلۇش پىلانىدا بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئىش دەپ قارىغان. ئارىستو-
تىل رۇكىيان ئىنىستىتۇتىنىڭ تەلىم - تەربىيە نىشانىنى
ئوتتۇرىغا قويغاندا، گىراژدانلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىن ئوبدان تەربىيەلەپ كەلگۈسىنىڭ
ياراملىق كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىنى تەشەب-
بۇس قىلغانىدى. ئاتاقلىق پېداگوگىكا ئالىمى ك. د.
ئۇشىنىسكى ئۆزىنىڭ پېداگوگىكىلىق ئەسەرلىرىدە باللار-
نى تەربىيەلەش ئىشىنى بارلىق ئاتا - ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ زادى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى دەپ
قارىغان. ئۇ، رۇس مىللىتىنى ئەبەدىي گۈللىنىش ئىمكا-
نىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن رۇس ياش
ئۆسمۈرلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ بەك لازىملىقىنى ئوتتۇرى-
غا قويغان ۋە بۇ ھەقتە رۇس خەلقى ئالدىدا ئورغۇن
چەكسىز ۋەزىپىلەر تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.
م. گوركىمۇ ئۆزىنىڭ «ئەدەبىيات باللارغا» دېگەن ما-
قالىسىدا بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىپ، باللار تەربى-
يىسىنىڭ بىرىنچى پىلاندا تۇرىدىغان مۇھىم خىزمەت ئى-
كەنلىكىنى قەيت قىلغان ھەم ئۇنى قەتئىي تەكىتلىگە-
نىدى.
م. گوركى ئېيتقاندەك، باللار كەلگۈسىنى ياراتقۇچىلار،

شۇڭا «باللار يېڭى دۇنياغا ئاساسلانغان ئاتا ـ ئانىلارغا قارىغان-
دا مەدەنىيەتلىكرەك ۋە ئاكتىپراق بولۇشى كېرەك» ①.
شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار كەلگۈسى دۇنيانىڭ ھەقىقىي
ماھىر قۇرغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ.
بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم ۋە شائىر يۈسۈپ خاس
ھاجىپتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن بارلىق مۇتەپەككۇر
ۋە مائارىپشۇناسلارمۇ باللار تەربىيىسىنى دۆلەتنىڭ ۋە
خەلقنىڭ تەقدىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە
دەپ قاراشقا ۋە بۇ مەسىلىنى جىددىي تەكىتلەشكە تېگىشلىك
دەپ تونىغان. ئاتاقلىق تىل ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزى-
نىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تەلىم ـ تەربىيىگە ئا-
ئىت نۇرغۇن ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىللەرنى مىسال كەل-
تۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئوغۇل، نەسىھەتىمنى
ئاڭلا. قۇلىقىڭدا تۇت. ئەل ئارىسىدا بىلىملىك ـ پەزىلەتلىك
بول. بىلگىنىڭنى باشقىلارغا ئۆگەت». «بىلىملىك كىشىلەر-
نى ھۆرمەتلە، سۆزىگە ئاشىق بول». «ئۇلارنىڭ پەزىلە-
تىنى ئۆگەن. ئەمەلىيىتىڭمۇ شۇنداق بول». ئۇ «دىۋان»
دا كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرنى بىلىم ئۆگى-
نىشكە، كەمتەر بولۇشقا دەۋەت قىلغاندى. XII—XIII
ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن مۇتەپەككۇر
ۋە شائىر ئەخمەت يۈكنەكىمۇ ياش ئۆسمۈرلەرنى ئەخ-
لاقلىق بولۇشقا ۋە بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلغان ۋە
شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا
قويغان.

① «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، 336- بەت.

ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر ئۆز زامانىسىدا ياش ئەۋلادلارنىڭ ۋە ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ ھەقتە ھەر قايسى ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتكەن.

بۇ ماقالىدا ئۇقتىلىق ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

2

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت - مائارىپ تارىخىدا بالىلار تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ توغرىدا بىر قاتار ئەھمىيەتلىك، پېداگوگىكىلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەت ئەربابى ۋە مۇتەپەككۇر دۇر.

دۆلەت، مىللەت، خەلقنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان، خەلققە بەخت-سائادەت ئۆگەتكۈچى ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، لايىق كىشىلەرنى قانداق يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق لاياقەتلىك كىشىلەرنى پەقەت تەلىم-تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تىخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر ئەقىللىق، يارامىلق، باتۇر-يۈرەكلىك كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن چىقىپ قالمايدۇ، بەلكى جاپاغا چىداپ تەربىيىلەش نەتىجىسىدە مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇڭا،

1820 ئەقىللىق بولۇش بۇ، خۇدادىن بولۇر،
تەبىئىي بولسا ئۇ، بەلكە كۆرۈلۈر.

دەپ يېزىپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شائىر تۇغما - تەبىئىي قابىلىيەتنىڭ رولىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ.

1821 يارىتقان چېغىدا ئەقىل بەرمىسە،
يېتەلمەس تىلەككە ھەرنە ئەيلىسە.

لېكىن ئۇ يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتا تەلىم - تەربىيىنىڭ ئاساسىي شەرت ئىكەنلىكىنى، تەربىيە كۆرمەي تۇرۇپ ئىنسان كامالەتكە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، قەتئىي قىلىپ:

1822 يەنە بىر شەرت: ئىلىم تىلەسە ئوغۇل،
كىچىك چاغدا قويغاي بىلىمگە كۆڭۈل.

دېگەن توغرا ئىلمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئومۇمەن، «قۇتادغۇ بىلىك» دىداكتىك مەزمۇندىكى يىرىك ئەسەر، بۇ ئەسەر ئاساسەن كىشىلەرنى ئەدەب - ئەخلاق ۋە بىلىم جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە، بۇنىڭ بىلەن ئەدەب-ئەخلاق ۋە بىلىملىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك» نى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۈكسەك سەۋىيىدىكى پەلسەپىلىق داستان دېيىش بىلەن بىللە، بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت چۈشەنچىلەرنى ئۆزىنىڭ چوڭ بىر مەزمۇنى قىلغان پېداگوگىكىلىق

ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت پېداگوگىكىلىق چۈشەنچىلەرنىڭ خېلى رېئال ئەھمىيىتى بار. چۈنكى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىز مىليونلىغان ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيلەشنى بىر مۇقەددەس ۋىجدانىي بۇرچ دەپ قارايدۇ ۋە ئەۋلادلارنى، ئەدەبىلىك، بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى كەلگۈسى پارلاق دۇنيانىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

3

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بالىلارنى ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە بىلىم بىلەن تەربىيلەش، يەنى ياش ئۆسمۈرلەرگە قارىتا پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىش غايىسىدە تەربىيلەش داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي كۆز قاراشلارنىڭ بىرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا پەزىلەت بىلەن بىلىمنى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى ئۇلۇغ سۈپەت،

ئۇ بەخت ئىشىكى، ئادەم شۇ ئىككى سۈپەت بىلەن بەختكە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىدىيە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مائارىپ ۋە تەربىيە كۆز قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت.

مۇئەللىپ ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، كىشىلەرگە بولۇپمۇ باللارغا قارىتا ئەقلىي تەربىيە بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1840 كىشى تۇن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغتەك ئۇنى يورۇتۇر.

1841 ئەقىلدىن كېلۇر، كۆر، پۈتۈن ئەزگۈلۈك.
بىلىمدىن چوڭلار ئەر، بولۇر بەلگۈلۈك.

1842 كىشىلەر بۇ ئىككى بىلەن زور بولۇر،
بۇ ئىككى بىلەن تۈز - توغرا يول تونۇر.

شائىر ئەقلىي تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

1861 ئەقىل بىر چىراغدۇر، كۆزى يوققا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

1864 ئەقىل كىمدە بولسا شۇدۇر بەلگۈسى،
بۇ بەلگۈ بىلە ئۇ ئەقىل بىلگۈسى.

بۇيەردە ئېيتىلىۋاتقان ئەقىل — بىلىم ۋە قابىلىيەتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئەقىل چۈشەنچىسى بىلىم بېرىش تەربىيىسىدىن ئىبارەت. ئەقىللىق بولۇش — بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش دېگەنلىكتۇر، ئەقىل ۋە قابىلىيەت (ئىقتىدار) بىر خىل ئۆتكۈر خاراكتېردىكى پسىخىكىلىق ھادىسە. ھالەت بولۇپ ئۈنۈملۈك تەربىيىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە نەتىجىسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئەقىل ۋە قابىلىيەتنى بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈر شەرتى؛ ئەقلىي تەربىيە بولسا، بالىلارغا بىلىم بېرىش تەربىيىسىدىن ئىبارەت دەپ چۈشەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىلىملىك بولۇش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبلىك بولۇشنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى. ئەخلاق - پەزىلەت بىلىمدىن كېلىدۇ. شۇڭا ياش ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئەقلىي تەربىيىنىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. شائىر ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن ئەقلىي تەربىيە ھامان بىر گەۋدە دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ داستاندا ئوتتۇرىغا قويغان پەداگوگىكىلىق قاراشلىرىدا ياش ئۆسمۈرلەرگە قارىتا بۇ ئىككى خىل تەربىيىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

1863 ئەقىل ئوق ئىشلەر، ئۇ تەتۈر ئىشلىمەس،
پۈتۈنلەي ئېرۇر چىن، ئۇ مەككار ئەمەس.

1865 ئەگە ئاۋۋال ئەقلىنىڭ قىلىقى ئۇنىڭ،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇ يۈرەر يىل ۋە ئاي.

1866 ئەقىللىق، دۇرۇس ھەم سىلىق سۆز - تىلى،
دۇرۇس ھەم تولۇقتۇر ئۇنىڭ پېئىلى.

دېمەك، داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەزىلەت ۋە ئەقىل چۈشەنچىسى ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن ئەقلىي تەربىيىنى (بىلىم بېرىشنى) يادرو قىلغان بالىلار تەربىيەسى كۆز قارىشىدىن ئىبارەت.

4

داستاندا بالىلار تەربىيىسى چۈشەنچىسى قايسى پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە قانداق ئەكس ئېتىلگەن؟ داستاننىڭ «كىرىش» سۆزىدە ئېيتىلىشىدەك، بۇ بۈيۈك ئەسەردە ئىنسانىيەتنىڭ تۆت چوڭ سۇپەت تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ سۇپەتلەر: ئەدىل (ئادالەت)، دۆلەت (بەخت)، ئەقىل ۋە قانائەتتىن ئىبارەت. بۇلار ئىچىدە ئەقىل — تەلىم - تەربىيە چۈشەنچىسى بولۇپ، ئۇ باشقا ھەممە سۇپەتلەرنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە مەنىۋى ئاساسى. مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئادەمدە ئەقىل (پەزىلەت ۋە بىلىم) دىن ئىبارەت مۇھىم سۇپەت بولغاندا، ئاندىن ئادەم قالغان ئۈچ سۇپەتنى ھازىرلاپ ئادالەتپەرۋەر، قانائەتچان ۋە دۆلەتمەن (بەختلىك) بولالايدۇ. داستاندىكى

ئەقىل، يەنى بالىلار تەربىيىسى چۈشەنچىسى ئۆگدۈلمىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شائىر تەسۋىرلىگەندەك ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ ئوغلى، ئەقىلگە سىمۋول بولغۇچى پېرسوناژ. مۇئەللىپنىڭ بايان سۆزى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ سوئال ۋە جاۋاب سۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى، غايىگە باي بىلىم خۇمار ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئىسمىدىن مەلۇمكى، ئۆگدۈلمىش ئۆگەنگۈچى، تەربىيە ئالغۇچى، يەنى ئوقۇغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆگدۈلمىش سوراپ بىلگۈچى، ئەقىل ئۆگەنگۈچى شاگىرت سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ۋە شۇ سۈپەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بىلىمگە قىزغىن مۇھەببەت باغلاش، بىلىم ئىزلەش يولىدا ھەرقانداق رىيازەت چېكىشتىن قورقماسلىق، كەمتەرلىك بىلەن كۆپ سوراش، كۆپ ئىزلەش، كۆپ ئۆگىنىش، ئۇستازىغا يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇنىڭ خاراكتېرىگە سىڭگەن ئېسىل خىسلەتلەردۇر. ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئودغۇرمىشلاردىن سوراپ ئۆگىنىدۇ. ئۇلار بۇ پەرزەنتكە يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پەزىلەت ۋە ئىلىمدىن دەرس بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۆگدۈلمىش دۆلەت (بەخت) نىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولغان ئىقتىدارلىق ۋەزىر ئايتولدىدىن كۆپ سوراپ ئۆگىنىدۇ.

داستاندا ئايتولدى باشتىن ئاخىر ئوقۇمۇشلۇق، ئابرويلۇق ئالىم، يۈكسەك پەزىلەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە

ئۇستاز سۇپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. مۇئەللىپنىڭ سۇپەتلىرى ۋە ئائىتولدىنىڭ جاۋابلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇكى، ئائىتول-دى ئۆگىنىۋېلىشكە پەزىلەت ۋە ئەقىل دەرسى بېرىۋاتقان، ئىستىبداتلىق ئوقۇتقۇچى، ئادەملەر ئارىسىغا ئىلىم - مەرى-پەت ۋە پەزىلەت نۇرىنى چاچقۇچىدۇر. پەرزەنتلەرگە چىن مەسئۇل بولۇش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىتىش ۋە يېتەكلەش، ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا نىسبەتەن مېھرىبانلىق قىلىش ۋە چىن تۇتۇش قاتارلىقلار ئۇنىڭ خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن خىسلەتلەردۇر.

مۇئەللىپنىڭ ئائىتولدىنى يېتىلگەن ئۇستاز - مۇئەللىم سۈپىتىدە تەسۋىرلىشى زادى ئاساسسىز ۋە تاسادىپىي ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق مىللەتتە ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەلىم - تەربىيە مەيدانى بار. ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى مۇشۇ ئۈچ تەرەپنىڭ تەسىرى ۋە ئۆز ئارا ماسلىشىپ تەربىيىلىشى ئارقىلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە بىرىنچى ئورۇندىكى تەبىئىي مەكتەپ. ئادەم بالىسىغا تۇنجى تەربىيە (مەسىلەن: تىل، ئۆرپ-ئادەت، ئەمگەك قىلىشنى ئۆگىتىش) مۇشۇ مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا - ئانا ئائىلىدىكى تەبىئىي ئوقۇتقۇچىلار-دۇر. ئادەمنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ئائىلىدە شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، ئائىلە تەربىيىسى بەك مۇھىم. مەكتەپ بالىلارغا پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگىتىدىغان ۋە ئىگىلىتىدىغان ئاساسىي مەيدان. بالىلارنىڭ پەزىلەت ۋە بىلىم ئاساسى مۇشۇ مەيداندا تىكلىنىدۇ. بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى (مۇئەللىم) ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. بالىنىڭ مۇكەممەل تەربىيىلىنىشىدە

مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ رولى ئىنتايىن زور. ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيىسى ياخشى بولۇپ جەمئىيەت تەسىرى ياخشى بولمىسا، تېخىمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەت تەسىرىنىمۇ بالىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە مۇھىم تاشقى ئامىل، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئايتولدىدىن ئىبارەت قابىلىيەتلىك مۇنەللىم ئوبرازىغا ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي. تەسىرلىك سۈپەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئايتولدى چىنلىقى ئېنىقلا يارقىن بولغان ئوبراز ھەم شائىرنىڭ غايىۋى دۇنياسىدىكى ئۇستاز ئوبرازى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى پايتەخت ئوردۇكەنت (قەشقەر) يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى: ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا سودا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ مۇھىم بېكىتى بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت، مەدەنىي - مائارىپ، ئىلىم جەھەتتە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئاۋاتلاشقان، بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئىقتىدارلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر (مەدرىسلەر) تەسىس قىلىنغان. بۇ مەكتەپلەردە كۆپلىگەن بالىلار ئوقۇغان. شۇنداقتىمۇ شائىر بۇ ۋەزىيەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، مائارىپنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى، تېخىمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆپلەپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئەنە شۇ رېئاللىق بىلەن شائىر غايىسىنىڭ يارقىن كارتىنىسىدىن ئىبارەت.

شائىر ئايتولدىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. چۈنكى، ئايتولدى ئۆگدۈلمىشنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئاقلايدۇ.

مۇئەللىپ ياخشى ئوقۇغۇچى، پەزىلەت ۋە مەرىپەت خۇمار ئۆگدۈلمىشنى تەسۋىرلەشكە كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەن. بولۇپمۇ ئۆگدۈلمىشنىڭ قىزىقىش ھەۋەسلىرىنى، ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى، يارامىلىق كىشى بولۇش يولىدىكى ئىزلى-نىشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇستازى ئايتولدىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ھېسسىياتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۆگدۈلمىش ئۇستازىنى قىزغىن سۆيۈپ ئۆگىنىشكە راسا بېرىلگەن ياخشى بالىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى.

ئەمەلىيەتتە ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي، قىزغىن مۇناسىۋەت تەربىيە-لىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەتتۇر. مۇئەللىپ بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

1208 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بالام ئاڭلىغىن،
ئۇ دۇنيا ئىشىن قىل، غاپىل بولمىغىن.

1229 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئاتا،
ئېمىڭ يەپ كۆيەرمەن، بولۇرمەن ئادا.

مانا بۇ دىئالوگلار يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 900 يىل-دىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇل-

غان ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي، قىزغىن مۇناسىۋەت، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ھېلىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ.

5

نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەزىلەت ۋە ئەقىلنى يادرو قىلغان تەلىم - تەربىيىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ؟

شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى، يوقىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر دەۋردە مەلۇم ئىدىيىۋى كۆز قاراش ياكى چۈشەنچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بەلگىلىك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر ئارقىلىق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز داستانىدا شۇ دەۋرلەردە ئىلغار ئىدىيە بولغان، ھازىرمۇ مەلۇم ئەھمىيىتى بولغان تەلىم - تەربىيە چۈشەنچىسىنى، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا بالىلار تەربىيىسىگە دائىر بىر قاتار توغرا كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا:

بىرىنچىدىن، بۇغراخان ھاكىمىيىتى، يەنى قاراخانىلار سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئەبەدىي ساقلاپ قېلىش - داستاندا بالىلار تەربىيىسى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىدىن بىرى. چۈنكى، مەلۇم بىر جەمئىيەت، مەلۇم بىر ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىشى

ۋە ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇقەررەركى، پەزىلەتلىك، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك خادىملار (ئىزباسار-لار) بولۇشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ جەددىي مەسىلىنى ئويلاپ يەتكەن ۋە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

ئىككىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئاساسى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى، جەمئىيەتتە بىر قاتار ئىلغار پېداگوگىكىلىق قاراشلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇ رېئاللىقمۇ داستاندا بالىلار تەربىيىسى قاراشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

ئۈچىنچىدىن، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىگىلىك ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، يەنى دېھقانچىلىق، سودا-سېتىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تاشقى سودا يۈكسەلدى. بۇنىڭ بىلەن سىياسىي پائالىيەتلەر، دىپلوماتىيە ئىشلىرىمۇ راۋاجلاندى. بۇ خىل تەرەققىيات ۋەزىيىتى جەمئىيەتتە بىر قىسىم ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈ-رۈش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى.

تۆتىنچىدىن، ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەشقەر قاتارلىق جايلاردا شەھەر - بازارلار كەينى - كەينىدىن بارلىققا كېلىپ، يېڭى ئىجتىمائىي شارائىت — شەھەر جەمئىيىتىنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا، فېئودال تەبىقىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش، ئىقتىدار جەھەتتىن ئاجىزلىشىشمۇ بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ، روھانىي تۇر-مۇشقا بېرىلىپ كېتىش بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئالدىدا چېكىنىش ئېھتىمالى پەيدا بولدى. شۇڭا، بۇ خىل رېئال ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت تەلىم-تەربىيىنى كۈچەيتىش تەقەززاسى بىلەن مائارىپقا روھىي مەرەزلەرنى تۈگىتىش، كىشىلەرنى پەزىلەتلىك ۋە ئىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىدى.

بەشىنچىدىن، قاراخانىلار سۇلالىسى — تۇنجى مۇسۇلمان ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدۇر. ئىسلام دىنى پادىشاھلىقنىڭ ئاساسىي دۆلەت دىنى، بۇ دىنىنىڭ قاراشلىرى بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە قاراشلارغا سىڭىپ كىرگەن. بولۇپمۇ ئىسلامىنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى ۋە پرىنسىپلىرى تۇرمۇشقا خېلى چوڭقۇر ئۆزلەشمەكتە ئىدى. مەملىكەت ئىچىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىسلام دىنى تەشۋىق قىلىنىپ، تەكىتلىنىپ تۇراتتى، شۇڭا كىشىلەرنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن تەربىيىلەش، جەمئىيەت ئۈستىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ خىل ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي شارائىتتا ياشىغان مۇسۇلمان ئەدىب ۋە پىداگوك بولغاچقا، ئۆزىمۇ ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، ئىسلام قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىپ، ئۇنى ياش ئۆسمۈرلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش تەقەززاسى داستاندا ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدىكى تەلىم-تەربىيە چۈشەنچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان بىر ئوبيېكتىپ ئەھۋال بولدى.

سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا.

بىرىنچىدىن، زامانغا يارىشا ئىلغار پىكىرلىك بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار تارىخ ئېقىمىنى سەگەكلىك بىلەن بايقىيالىدى ۋە كۆرەلىدى. جەمئىيەتتىكى ئىلغار پىكىر ئېقىملىرى. بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ پەزىلەت ۋە ئەقىل مەسىلىسىدىكى ئومۇمىي ئىلغار ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئوردا خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. بۈيۈك مۇتەپەككۇر خەلق ھېسسىياتىنى قوبۇل قىلدى.

ئىككىنچىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرى مەلۇ-ماتلىق كىشى بولغاچقا، ئارىستوتىل، فارابى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە مائارىپ قاراشلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنى ئەمەل-يەتكە تەتبىقلاپ ئۆگەنگەن ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇر-غان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ، داستاندا ئەقلىي - ئەخلا-قىي تەربىيىنىمۇ، ھەتتا جىسمانىي تەربىيىنىمۇ كۈچەي-تىشنى تەرغىب قىلىدۇ.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلار تەربىي-سىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تەلىم - تەربىيە قارىشى-نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي شارائى-تتا ئارىستوتىل پېداگوگىكا ئىدىيىسىنىڭ ئىجادىي تەتبىقلىنىشى، ئىجادىي تەشەببۇس قىلىنىشى ۋە ئىجادىي راۋاجلىنىشىدۇر. بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، داستاندا ئايتول-دى ۋە ئۆگدۈلمىش ئوبرازلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈ-رۈلگەن تەلىم - تەربىيە قاراشلىرى ھەم ئىلغار ئەنئەنىۋى قاراش، ھەم ئىلغار پېداگوگىكىلىق كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ.

## 6

شائىر داستاندا پەرزەنتلەر تەربىيىسى خىزمىتىدە پۈتۈن دۆلەت، پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتۈن مىللەت ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ زىممىسىگە يۈكسەك مەجبۇرىيەتنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئىشى — پۈتۈن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بۇ قاراش ئۆگدۈلمىش بىلەن باشقا پېرسوناژ-لارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە ناھايىتى يارقىن گەۋدىلىنىدۇ.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇي-پەيلى خوپ.

ئايتولدىنىڭ بۇ جاۋابىدا جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش زۆرۈرلۈكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

پېداگوگىكا نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيىسى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى شەكىللىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرى، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى، ياشلىق دەۋرلىرىدە ئالىدىغان تەربىيىسى (ئەگەر تەربىيە ئىجابىي بولغاندا) ئارقىلىق جىسمانىي پسىخىك جەھەتلەردە زۆرۈر ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىدۇ.

ئىرادە، ئەقىل، تەپەككۇر، ئىقتىدار، غەيرەت، سېزىم،
غايە قاتارلىق تەرەپلەردە نورمال ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.
ئەگەر تەربىيە ئۈنۈمى ياخشى بولسا، بۇ جەھەتلەردە
كامالەتكە يېتىشى تامامەن مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ جىسمانىي
جەھەتتە ساغلام، روھىي جەھەتتە ئىرادىلىك، غايىلىك،
ئەقىللىق، غەيرەتلىك، ئىقتىدارلىق بولۇشى ئۇنىڭ كىچىك
چېغىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيىلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك.
شۇڭا، پەرزەنتلەرنى «خۇي - پەيلى خوپ» كىشىلەر-
دىن قىلىپ تەربىيىلەشتە ئاتا - ئانىلار ۋە تەربىيىلىگۈچى-
لەرنىڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى لازىملىقىنى تەشەببۇس
قىلىدۇ.

1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتاسى - ئاناسى بەختلىك بولۇر.

1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.

1221 زەكى بولسا ئالىم، ئوغۇل ئاتىسى،
ئۇنى تۇتقۇلۇق چىڭ، شۇدۇر چارىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق قارايدۇ: پەرزەنتلەر-
نى (بالىلارنى) كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلەش ئۈچۈن بىرىن-
چىدىن، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنى
چىڭ تۇتۇش لازىم. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيت-

قاندا، تەربىيلەنگۈچىلەرگە قارىتا مېھرىبانلىق قىلىش بىلەن چىڭ تۇتۇشنى بىرلەشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەپ يېتىشتۇرگىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زامان پېداگوگىكىلىرى، جەمئىيەتشۇناسلار ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىك ياكى گۇناھكار ئادەم بولۇپ چىقىشى تامامەن ئۇنىڭ قانداق تەربىيـ لىنىشىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قولىدا قانداق تەربىيلىنىشىگە باغلىق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ باـ لىلار تەربىيىسىگە دائىر بېيىتلىرىدا بۇ تەرەپنى خېلى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ غايىۋى پېرسوـ ناژلىرى ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىـ دا بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يورۇـ تۇپ بېرىدۇ. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

1223 كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

1225 ئوغۇل قىز خۇي ـ پەيلى بۇلسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

1228 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت پەزىلەت، بىلىم،
پەزىلەتلە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

ئۇ يەنە مۇنداق كۆرسىتىدۇ؛

1224 كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا①،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئاتاغا جاپا.

1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.

بالىلار تەربىيىسىدە، پەرزەنتلەرگە قارىتىلغان تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۇسۇلى، پرىنسىپى، شەكلى قاتارلىقلارمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. ئەگەر ئاتا - ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى بالىلارنى تەربىيەلەشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ، ئۇنى قانداق تەربىيەلەشنى بىلمىسە، يەنى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۇسۇلى ۋە شەكلىنى بىلمىسە، ئاخىرقى ھېسابتا بالىلار ئۇنۇملۇك تەربىيىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا تەربىيىلىگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزى بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، بالىلارغا نىسبەتەن سەممىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزىمۇ بالىلاردىن ئۆگىنىشى لازىم، ئەلۋەتتە. بۇ مەسىلە ئۈستىدە م. گوركى: «مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاساسىي خىسلەتلىرى ئەڭ ئاۋۋال بالىلارغا بولغان مۇھەببەت، ئۇنىڭدىن كېيىن، كەڭ بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك»، «بالىلارغا نىسبەتەن ۋىجدانەن مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك»، «بالىلارغا ئۆگىتىش زۆرۈرلۈكدىن تاشقىرى يەنە

① ياۋا — بۇ يەردە بەڭباش مەنىسىدە.

شۇ نەرسىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ نا-
ھايىتى پايدىلىق ئىش»① دېگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇندىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن-
قى تارىخىي شارائىتتا، بالىلار تەربىيىسى مەسىلىسىدە شۇ
كۆز قاراشقا يېقىنراق كېلىدىغان چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇر-
غا قويىغان. ئۇنىڭ ئوغۇل - قىزلارنى چىڭ تۇتۇش،
ئۇلارغا پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگىتىش توغرىسىدىكى قاراش-
لىرىدا بالىلارغا مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلار-
غا سەممىي ۋىجدانىي مۇناسىۋەتتە بولۇش لازىملىقىدىن
ئىبارەت كۆز قاراش گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىز ئايتولدى
ئوبرازىنى تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ ئۆز ئوغۇغۇچىسى
ئۆگدۈلمىشكە ناھايىتى سەممىي ۋىجدانىي مۇناسىۋەتتە
بولغانلىقىنى، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۆ-
گىتىۋاتقانلىقىنى، ئۆگىتىش بىلەن بىللە يەنە ئۆز ئوقۇ-
غۇچىسىدىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق
قىلالايمىز.

لېكىن، تارىخىي چەكلىمە ۋە فېئوداللىق قاراش
تەسىرى تۈپەيلىدىن شائىر پەرزەنتلەر تەربىيىسى مە-
سىلىسىدە بەزى خاتا چۈشەنچىلەردىنمۇ خالى بولالمىغان.
بىرىنچىدىن، ئۇ تەلىم - تەربىيە مەسىلىسىدە كۆپرەك
ئوغۇل بالىنى تەربىيلەشنى تەكىتلەپ كەتكەن، قىز با-
لىنىڭ تەربىيلىنىشىگە سەل قارىغان. مىسال:

---

① «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 52 - بەت.

4510 قىزنىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي،
ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاھرىماي.

ئىككىنچىدىن، تەربىيە ئوبيېكتى مەسىلىسىدە خوتۇن - قىزلارنى خارلايدىغان، يەنى ئەرلەر ئېزىز، ئايالار خار» دېگەن فېئوداللىق ئىدىيە رامكىسىدىن چىقالمىغان. 60 - بابتىكى بىر قانچە بېيىتلەر بۇنىڭ مىسالى. ئۈچىنچىدىن، شائىر ئايرىم - ئايرىم بېيىتلەردە بەزى خاتا تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى (مەسىلەن، ئۇرۇش، تىللاش) نى تەشەببۇس قىلغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شائىر يۇقىرىدەك بىر قانچە خاتا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇنى ئەلۋەتتە شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي چەكلىمىسىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قاتار توغرا، چوڭقۇر پىكىرلىرى ھېلىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ.

## 7

باللارنى ئىدىيىۋى ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىش — باللار تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى. بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن رۇسىيىنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي دېموكرات تەنقىدچىسى ف. بېلىنىسكى باللارغا بېغىشلانغان ئوقۇشلۇقلار

ھەققىدە توختالغاندا، باللار ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ مۇھىم رولى ۋە مەزمۇنى باللارغا ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم دەپ قارىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ باللار تەربىيىسى باللارغا ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىدۇ.

چۈنكى، ئەخلاقىي پەزىلەت ئادەملىك ئۆلچىمى بولۇپ، بۇ بىرەر دەۋر، بىرەر سىنىپ، تەبىقە كىشىلىرى ئەمەل قىلىدىغان ئومۇمىي قائىدە - يوسۇن. سۆز - ھەرىكەت مىزانىدىن ئىبارەت. ئەخلاقىي پەزىلەت ئادەمنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى باھالايدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان ئاساسىي بىرلىك. سۆز ۋە ھەرىكەتنىڭ قانداق بولۇشى بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئىستىلىنىڭ قانداق سۈپەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىپادىلەنگەن باللار تەربىيىسى چۈشەنچىسىنىڭ يادروسىمۇ دەل ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت.

شائىر ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشى ياخشى سۆز ۋە ياخشى ئىشقا باغلىق دەپ قارايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

181 ئەر ئىككى نېمىدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆزى.

شائىر داستانىدىكى بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت چۈ-
شەنچىلەردە تىل گۈزەللىكى مەسىلىسىنى ئالاھىدە ئوتتۇر-
غا قويىدۇ. تىل گۈزەللىكى ئادەمنىڭ گۈزەللىك قارىشى-
نىڭ ئەمەلىي جەھەتتىن نامايەن بولۇشى ۋە كىشىلىك
مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىشىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلنى
جايىدا ئىشلىتىشنى، سۆزلەرنى توغرا، مەنتىقىلىق، را-
ۋان قىلىشنى، قىلىۋاتقان سۆز قائىدىلىك، گۈزەل بو-
لۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئادەملەرنى سۆزنى
گۈزەل قىلىشقا ئادەتلىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ ئادەم-
لەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە
ھامان تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىردەك بولۇشىنى، يەنى
تىلىنىڭمۇ، دىلىنىڭمۇ، ھەرىكىتىنىڭمۇ گۈزەل بولۇشىنى تە-
لەپ قىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى يېشىش مەقسىتىدە
نۇرغۇن تەسىرلىك مىسرالارنى يازغان.

976 يەنە ئېيتتى ئايتۇلدى؛ ئىلىگ ئۇقار،
زىيان يەتسە تىلدىن ھاياتلىق يوقار.

978 كىشى سۆزلىمەككە سورالماق كېرەك،
سورالمسا، سۆزنى دېمەسلىك كېرەك.

1003 ئىچۈك سۆز قىلىشنى گەر تىل بىلمىسە،
ئۆزىنى پەسلىتەر، ئاسماندا ئىسە.

1013 كېرەك سوزنى چوڭدىن ئىشتمەك كېرەك،
كىچىككە دېگۈلۈك، ئۇ قىلسۇن كېرەك.

1025 دۇرۇس سۆزلەنسە سۆز كۆپتۇر پايدىسى،
سۆكۈلەر ھەممىشە سۆزنىڭ ئەگرىسى.

دېمەك، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ خېلى بۇرۇنلا قەلبى گۈزەل بولۇش، تىلى گۈزەل بولۇش چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە بۇ چۈشەنچىلەر ھازىرقىدەك تولىمۇ كونكرېت، ئىلغار ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مەزمۇنغا ئىگە بولالمىسىمۇ، ئەمما ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى ئىلغار كۆز قاراشلار ئىدى. ئۇ تىلى گۈزەل بولمىغان، قەلبى گۈزەل بولمىغان كىشىلەرنى:

1028 بىھۇدە سۆز ئېيتقان كىشى قەدىرسىز،
قەدىرلىك كىشىدۇر سېخىي شۈبھىسىز.

دەپ تەنقىدلىگەندى.

شائىر ئەدىبىۋى ئەخلاقىي پەزىلەتكە دائىر بېيىتلىرىدە ئادەم بالىسىنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ، قىلىقىنىڭ توغرا بولۇشىنى، يەنى ئۇنىڭ ياخشى خۇلق - خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ ياش ئۆسمۈرلەرنى كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشقا، دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

230 ئەگەر بولسا، خەلق ئۆزرە قولۇڭ ئۇزۇن،
ئەمەل سۆزدە قىل ياخشىلىقنى پۈتۈن.

242 بىرى ياخشى ئەردى، ئۆلى ماختىدى،
يامان ئەردى بىرسى، ئۆلى قاغىدى.

246 كىشى ياخشى، ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر،
يامان ئاتلىق ئولسا، ئۇ قارغىش ئالۇر.

دېمەك، شائىر ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ھەقىقىي پاك ئادەم بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ھەقىقىي شانۇ - شۆھرەتنىڭ ئاساسى دەپ تونۇيدۇ ۋە كىشىلەرنى ھەر دائىم ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

داستاندا تارىختا ئۆتكەن قەھرىمان شەخسلەردىن، بولۇپمۇ ئەل - يۇرتنى قوغداش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بىلىملىك، ئىقتىدارلىق قەھرىمان شەخس توڭا ئالىپ ئەر (ئاپراسىياپ) دىن ئۆگىنىپ تۇغۇلغان ئەل - يۇرتنى، ئۆز خەلقىنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ۋەتەننى جان تىكىپ قوغداشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ تەرغىب قىلىنىدۇ. بۇ، داستانغا سىڭدۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق ئەنئەنە تەربىيىسىدۇر. داستاندىكى بۇ مەزمۇن ھېلىمۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

ئايتولدىنى ۋە ئۆگدۈلمىشنى توڭا ئالىپ ئەردەك قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان مۇنۇ بېيىتلىرىنى ئوقۇيلى:

276 بۇ تۆرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277 بۇ تۇرك بەگلەردىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278 ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.

داستاندا بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق روھى تەرغىب قىلىنغان مىسرالارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇمۇمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۇنىڭ ئەخلاق ۋە گۈزەللىك ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئۇ كىشىلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ گۈزەل، رەتلىك، توغرا بولغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، تۇرمۇشنى ئەخلاق ۋە گۈزەللىك پرىنسىپلىرى بويىچە قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەلىم-تەربىيە چۈشەنچىلىرىدە، بولۇپمۇ بالىلار تەربىيىسى چۈشەنچىلىرىدە بەزى ئېغىر چەكلىمىلەر بار. ئۇ بولۇپمۇ پەزىلەت، ئىقتىدار ۋە بىلىمنى ئاللادىن، غايىبتىن دەپ قارىغانلىقى؛ تەشەببۇسلىرىدا بەزى ساراي ئەدەب-قائىدىلىرىگە يېقىنراق چۈشەنچىلەرنىڭ تەرغىب قىلىنغانلىقىدا. لېكىن،

ئومۇمىي خاھىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەلىم - تەربىيە چۈشەنچىلىرى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئامىللارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم ئەلۋەتتە.

# «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى دۆلەت تەلىماتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە

### مەقسۇت ئەكبەر

«قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، شەكلى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئاممىباپلىقى ۋە بەدىئىيلىكى بىلەن كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل. بىزنىڭچە، بۇ ئەسەرنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

چۈنكى، بىرىنچى، ئەسەرنىڭ نەسرىي ۋە نەزمىي كىرىش سۆزلىرىدە ئەسەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەلىماتى دەپ ھېسابلانغان. مەسىلەن: چىنلىقلار «ئەدەبۇل مۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى)؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)؛ مەشرىقلىقلار «زىننەتۇل ئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى»؛ بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت)؛ تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويغان. كىرىش سۆزدە تىلغا

ئېلىنغان ئەسەر ناملىرىدىن پەقەت «قۇتادغۇ بىلىك» توغرا قويۇلغان ئات بولسىمۇ، قالغانلىرىنى كىتاب مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ئەمەس دېيەلمەيمىز. بەلكى بۇ ناملارنى كىتاب مەزمۇنىغا باھا بېرىشتە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە دەپ ھېسابلايمىز.

ئىككىنچى، «كىتاب تۆت ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغان». بىرى ئەدىل (ئادالەت)؛ ئىككىنچىسى دۆلەت (بەخت)؛ ئۈچىنچىسى ئەقىل؛ تۆتىنچىسى قانائەت بولۇپ، يەنە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە خاس ئات قويۇلغان. ئەدىلگە «كۈنتۇغدى» ئېتى بېرىلىپ، پادىشاھ ئورنىغا قويۇلغان؛ دۆلەتكە «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلگە «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان. قانائەتكە «ئودغۇرمىش» ئېتى بېرىلىپ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى دەپ ئېيتىلغان.

ئەسەردىكى تۆت قەھرىماندىن ئۈچ كىشى دۆلەت ئەربابى، بىرى دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ يېقىنى. ئۇلارنىڭ سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشلىرىمۇ دۆلەت ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان.

ئۈچىنچى، ئەسەردە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا، خاقانغا بېرىلگەن مەسلىھەتلەر ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دۆلەت ھاكىمىيىتىدە ئارمىيە ۋە قوماندانىنىڭ رولى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى؛ قانۇن ۋە ئۇنىڭ

خاراكتېرى؛ بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى؛ ئەخلاقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى زۆرۈرلۈكى كەڭ سۆزلەنگەن.

تۆتىنچى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاق پەزىلەت، سۈپەتلىرى ھەققىدە بىر قەدەر كەڭ توختالغان. دۆلەتتە خاننىڭ ئەخلاق پەزىلىتى قانداق بولۇش، ۋەزىرنىڭ پەزىلىتى قانداق بولۇشتىن تارتىپ تاكى ئوردا ئەمەلدارلىرى، خادىملىرى، كۈتكۈچى، ئاشپەزلەرگىچە، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى كۆرسىتىلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىنەزەرلىرى مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشتا قانۇن بولۇشنى، يەنى دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ:

292 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزەپ، ئۆرلىگەن.

945 ئەل ئىچرە كىم ئالسا بىر ئۈستۈن ئورۇن،
تۈزسۇن ئەل ئۈچۈن بىر ياخشى قانۇن.

1456 يامان تۈزمە قانۇننى، بەك ياخشى تۈز،
كۈنۈڭ ياخشى بولغاي ھەم بەختىڭمۇ ئۆز.

1461 كىم ئۇ ياخشى قانۇننى بەرپا قىلار،
ئۇنىڭ شۆھرىتى تا ئەبەتكە ياشار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشى ئەينى زاماندا خانلىق تۈزۈمدە يۈكسەك غەيرەت - جاسارەت، پەم - پاراسەت ئىگىسىنىڭ قىلالايدىغان ئىشى، ئەلۋەتتە.

مۇئەللىپ خانغا «ياخشى قانۇن» تۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغىنىدا نېمىلەرنى نەزەردە تۇتقان؟ ئادالەت سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدىنىڭ ئادالەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ئايتولدىغا ئېيتقان سۆزلىرى شەكلىدە مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كىبىرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

مۇئەللىپ بۇ يەردە دۆلەتتە قانۇن بولۇش، قانۇن بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن بولغاندىمۇ توغرا، ئادىل بولۇش، قانۇن ھەممە ئۈچۈن بىردەك بولۇش

گەدىيلىرىنى خان ئاغزىدىن ئېيتىشىش شەكلى بىلەن ئىپادىلىگەن.

خاننىڭ ھەر بىر سۆزى «قانۇن» ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ مۇستەبىتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈمدە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشنى خان ياكى ۋەزىر ئاغزىدىن بېرىشكىلا بولاتتىكى، باشقا شەخسنىڭ تىلىدىن بېرىش ئەلۋەتتە چوڭ جىنايەت ھېسابلىناتتى. مۇئەللىپنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشنى مۇراجىئەت قىلىشى خەلق ئۈستىدىكى تۈرلۈك زۇلۇمنى، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتنى، مەلۇم مەنىدە، مەلۇم دائىرىدە پەسەيتىش، يۇمشىتىش، چەكلەش ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان دېيىش — ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككىنچى، دۆلەت ھاكىمىيىتىدە قوراللىق قوشۇننىڭ ئورنى ۋە زۆرۈرلۈكى، ئەھمىيىتى، قوشۇن قوماندانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئەسەردە خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ:

2139 قىلىچ بىرلە بەگلەر ئۆزاتۇر قولىن.
قىلىچسىز غاپىل بەگ تۇتالماس ئېلىن.

2140 قىلىچ بىرلە پالتا — بۇ ئەل ساقچىسى،
قىلىچ بىرلە ئالار ئەل خەلق باشچىسى.

2141 نېمە دەيدۇ ئاڭلا جاھان تۇتقۇچى،
قىلىچ، پالتا بىرلە ياۋنى ئۇتقۇچى؛

2143 قىلىچلە پالتىنى ساقچى قىل، ئەي ئەر،
قىلىچ ساقچى بولسا، بەگلەر تىنچ ئۆتەر.

2270 كىرەك بەگكە جەزمەن قوشۇن باشچىسى،
ئىچىشقا ياراشماس ياۋنىڭ ئۇيقۇسى.

2271 بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۈرەك كېرەك.

2272 ناھايەت چىڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىن، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

2282 ئەقىللىق كېرەك ھەم يۈرەكلىك كېرەك،
جەسۇرلۇق كېرەك، كەڭ كۆڭۈللۈك كېرەك.

2296 قوماندان ئۆزىنى تۇتاركەن يوغان،
يېگەي دۈشمەندىن تاياق بىگۇمان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوراللىق كۈچىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى تۈۋرۈكلۈك ئورنىنى، دۆلەت بولۇش ئۈچۈن قوراللىق قوشۇن بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرسەتكەن. ئۇ قوراللىق قوشۇن دۆلەت-

نى تاشقى تاجاۋۇزدىن ساقلايدۇ، ئىچكى قارشىلىقىنى تىنجىتىدۇ، دۆلەتتە تىنچ ـ ئامانلىق، مۇقىملىق بولغاندىلا، دۆلەتنى ساقلاپ قالغىلى، ئۇنى باي قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

ئۈچىنچى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىلىم بىلەن ئىدارە قىلىش.

دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىلىم بىلەن، ئەقىل بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتىگە ئەسەردە ناھايىتى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئاپتور مەيلى قانۇن، مەيلى ھەربىي قوشۇن، مەيلى خان، ۋەزىر ۋە ئوردا خادىملىرىنىڭ سۈپەتلىرى ئۈستىدە توختالسۇن، قىسقىسى، ئەسەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئىلىمنىڭ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا زۆرۈر شەرت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىنى ئەسەرنىڭ يادروسى، مۇئەللىپنىڭ ئەسەرنى يېزىشتا ئۆز ئالدىغا قويغان ۋە يەتمەكچى بولغان تۈپ مەقسىتى دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

217 جاھان تۈتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

303 ئەقىل بىرلە ئېسىل ئاتىلۇر كىشى،
بىلىم بىرلە بەگلەر قىلۇر ئەل ئىشى.

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1840 كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغدەك ئۇنى يورۇتۇر.

1861 ئەقىل بىر چىراغدۇر، كۆزى يوققا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

1970 داۋاسى بۇ دەردنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم،
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.

مۇستەبىت خانلىق تۈزۈمدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى خان ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىگە، زوراۋانلىقىغا تايىنىپ ئىدارە قىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئىلىم، ئەقىل - پاراسەتنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشتىكى زۆرۈرلۈكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، ھېچبولمىغاندا، خاننىڭ زوراۋانلىق تەرەپلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئادالەتپەرۋەرلىكنىڭ ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىق تۈزۈمى شارائىتىدا ئىلىمنى ئادالەت بىلەن بىر قاتاردا قويۇش، ھەتتا ئىلىمنى ئادالەتنىڭ تايانچىسى دەپ مەدھىيىلەشنىڭ

ئۆزى ئۆز دەۋر چەكلىمىسىنى بۇزۇپ ئۆتكەن مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىلىم بىلەن قورالىق كۈچنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش.

مۇئەللىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قوراللىق قوشۇن-نىڭ ۋە ئىلىم، ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىت-لەش بىلەن بىللە بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە ماسلاش-تۇرۇش لازىملىقىنى، ئۇنىڭدىن بىرى كەم بولسا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

268 ئېلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرسى، ھەق يول كۆرسىتەر.

2426 بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

2716 جاھان تۇۋرۇكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۇشتە، مەيلى كەلگۈسى.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىپىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر؟

مۇئەللىپنىڭ دۆلەت قارشى ئىچىدە ئىلىم بىلەن قوراللىق قوشۇننى. قەلەم بىلەن ئەلەمنى ئۆزئارا بىر-

لەشتۇرۇش ئىنتايىن دانا پىكىر ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، ئەدەب - ئەخلاق، ياخشى پەزىلەت ۋە خىسلەتنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشتىكى رولى.

مۇئەللىپ پادىشاھدىن تارتىپ ئوردا خادىملىرىغىچە ھەممىسىنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىق، ياخشى پەزىلەتلىك، ئېسىل خىسلەتلىك بولۇشىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي شەرتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر كەڭ بايان قىلىدۇ:

285 ھۆكۈمدارغا خىسلەت كېرەك مىڭ تۈمەن،
ئۇنىڭلە تۇتسا ئەل، يوقالۇر تۈمان.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇرچىن ۋە توغرا كىشى.

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بىبىسپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.

1436 ئېلىگ سەن بۈگۈن خەلقىنىڭ باشچىسى،
بول ئويغاق، ئەقىللىق، خەلق ساقچىسى.

2012 گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2037 ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىپقىران،
ئەگەر ئاتىنىپ قالسا يالغانچى خان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ: مۇئامىلىدە سىلىق بولۇش، سەۋرچان ۋە كەمتەر بولۇش؛ خۇلقى - مىجەزى خۇش خۇي بولۇش؛ دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولۇش، ئىچى بىلەن تېشى بىر خىل بولۇش؛ تۈز كۆڭۈل، ئىچ قارنى كەڭ بولۇش، ئىنسانپەرۋەر بولۇش، خەلقپەرۋەر بولۇش؛ ئادىل ئىش قىلىش، ئەدەب - يوسۇنلۇق، قائىدە - قانۇنلۇق بولۇش؛ باتۇر، جەسۇر بولۇش، يالغانچى بولماسلىق؛ ئاچكۆز، تاماخور بولماسلىق، تەنتەكلىك قىلماسلىق؛ خەلققە زۇلۇم سالماسلىق، ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك قىلماسلىق، ھاراقكەش، زىناخور بولماسلىق، خۇشامەت قىلماسلىق، پىتنە - پاساتتىن يىراق بولۇش، يوغانچى - تەكەببۇر بولماسلىق... نى ياخشى ئەخلاقىي - پەزىلەت دەپ كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا، خەلقنىڭ دۆلەتنى سۆيۈشى، خەلق قەلبىنىڭ دۆلەتكە تەلپۈنۈشى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلقنىڭ دۆلەتنى سۆيۈشى دۆلەت ئەربابلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ ئەخلاق، پەزىلەت سۈپەتلىرىگە باغلىق. ھەر قانچە قۇدرەتلىك ۋە مۇستەھكەم مەملىكەتمۇ خان، ۋەزىرلىرىنىڭ. دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشى، چىرىك لىشىپ - چۈشكۈنلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئىچىدىن يىمىرىلىپ ۋەيران بولغان. بۇ ھەقىقەتنى ئالىم ئۆز زامانىسىدا ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزەتكەن ۋە بۇنىڭدىن توغرا يەكۈن چىقارغان.

مۇئەللىپنىڭ خانغا ئادالەتنى، ۋەزىرگە بەخت -

سائادەت يارىتىشنى، دۆلەت ئەربابلىرىغا بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىشنى دارىتما قىلىشى، دۆلەت خادىملىرىغا خەلقپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى مۇراجىئەت قىلىشى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە ئىلغار پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى، زۇلۇمنى يوقىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئوقتىشىنەزەر ئۆز دەۋرىدە مەھكۇم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە نىسبەتەن ۋۇجۇدىدا قايناپ تۇرغان قارشىلىقنىڭ ئىنكاسى؛ مەزلۇم خەلقنىڭ ئاھۇ نالىسى، ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتىنىڭ مۇئەللىپ تەپەككۇرىدىكى ئىنكاسى. بۇ پىكىرلەر ئۆز زامانىسى ئۈچۈن بىباھا قىممەتلىك پىكىرلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىق تۈزۈمدىكى ئىلغار پىكىر ئېقىملىرى تارىخىنى چۈشىنىشتە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەپسۇسكى، دەۋر چەكلىمىسى مۇئەللىپ پىكىرلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا يول قويمايتتى. ئەينى زامانىدىكى فېئوداللىق دۆلەتتە مۇئەللىپ تەشەببۇس قىلغان، ئارزۇ قىلغان مەنزىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

دېمەك، مۇئەللىپ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى خان ئارقىلىق، خانلىق تۈزۈم ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان. ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدە ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان يوسۇن بويىچە خۇدا، پەيغەمبەر،

چاھارىيارلار قاتارىدا خانىمىمۇ مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپنىڭ غايىۋى دۆلەت قۇرۇش تەشەببۇسى مۇجمەللەشمەيدۇ. دەۋر چەكلىمىسى، مۇئەللىپنىڭكى قۇتۇلغۇسىز ئاجىزلىقلار ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ھەرگىزمۇ ياپالمايدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىلەن جاھان ئەقىل بۇلىقىغا قوشۇلغان بىر تامچە ھېسابلىنىدۇ.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ساددا دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئىسمايىل تۆمۈر

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا گەرچە قويۇق ئىسلام دىنى پۇرىقى ئەكس ئەتتۈرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىپادە ئېتىلگەن ساددا دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەن بۇ ماقالىدا بۇ ئەسەردە ئىپادە ئېتىلگەن ساددا دىئالېكتىكىلىق پىكىرلەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى دىئالېكتىكىلىق ئىدىيە ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئارا بېقىندىلىق ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن ئاپتور فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە شاھنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئوينايدىغان رولىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، جەمئىيەت تەرەق-

قىياتىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان مۇھىم شەخسلەرنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن سۆز ئاچقان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە شاھنى «كۆنتۆغدى» دېگەن سىمۋوللۇق نام بىلەن ئاتاپ، خاننىڭ مەملىكەتتىكى جىمى پۇقراغا خۇددى قۇياشقا ئوخشاش تەكشى نۇر چېچىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شائىر يۇقىرىقى ئارزۇ ئاساسىدا، خاننىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇشىدىن تاشقىرى يەنە ئۆز پۇقرالىرىغا ئۆلگە بولغۇدەك پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالىدۇ؛ خاننىڭ ئەقىل - بىلىم، چارە - تەدبىرگە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى يۈرەكلىك، جەسۇر بولۇشىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. ھەمدە خانغا يات كېلىدىغان ئىللار — كەيپى - ساپا، ئەيشى - ئىشرەت، ۋەدىدە تۇرماسلىق، ئالدىراقسانلىق... قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

شۇ ئالىي ھۆكۈمدارنىڭ سۈپەتلىرىدە مەۋجۇت بولغان ياخشى پەزىلەت ۋە يامان ئىللەتنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشتا كۆرسىتىدىغان تەسىر — نەتىجىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شائىر بۇ ھەقتىكى پىكىر - تەشەببۇسىنى مۇنۇ بېيىتلەردە خۇلاسىلەيدۇ:

1956 بەگ ئولسۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۈشتۈمتۈت تەگمىگەي دىبە بىر چاتاق.

1957 كىرەكتۇر ياخشى خۇلق، پەزىل مىڭ تۇمەن،
ئېتىمغا تەگمىسۇن دېسە داغ - بوياق.

2130 بۇ بەگلەر ئىشىكىن سىياسەت بېزەر،
سىياسەت بىلەن بەگ ئېلىنى تۇزەر.

2131 يامانغا سىياسەت يۈرۈتمەك كېرەك،
بۇلغانسا خەلق گەر، سىياسەت سۇزەر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز داستانىدا دۆلەت بىلەن خەلق، خان بىلەن پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇهىم رول ويناىدىغان بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ رولىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ.

شائىر دۆلەتنىڭ سىياسەت - قانۇنلىرىنى، خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ۋاستىچىلىق قىلىدىغان بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ رولى — دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە، خەلق تۇرمۇشىنىڭ پاراۋانلىقتا ئۆتۈشىدىكى مۇهىم سەۋەبتۇر، دەپ تونۇيدۇ. پۇقرالارنىڭ بويسۇنۇشىغا تېگىشلىك بولغان قانۇن، تەرتىپ، ئادەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا بەگ - ئەمەلدارلار ئۇلۇغلۇق رول ئوينىشى لازىم، دېگەننى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا بەگ - ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارغا ئەقىل - پاراسەتلىك، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم - مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، مەرد - سېخىي بولۇش، راستچىل، چىن سۆزلۈك بولۇش، خىيانەتكار بولماسلىق، تەكەب-

ۋور بولماسلىق، كىچىك پېئىل، مۇلايىم، رەھىمدىل، كۆيۈمـ
چان بولۇشتەك بىر قاتار تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا «ھەممەتىلىك
بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ـــ پەزىلەتنىڭ شەرتى»، «خەلقنى
پاراۋان قىلىش ـــ ھاكىمىيەتنىڭ مەقستى»، «ئەل نەـ
زىرىگە ئېرىشمەك ـــ خانلىقنىڭ ئاساسى»، «گۈزەللىكنىڭ
ئۆلچىمى ـــ ھەرىكەتنىڭ توغرا ـ تۈزلۈكىدە، يەنى سۆز
بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىردەك بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ»، «پارىـ
خورلۇق ـــ دۆلەتنىڭ نومۇسى»... قاتارلىق مەسىلەرـ
نى ئىجابىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئەربابلىرىـ
نىڭ بەخت ۋە ياخشىلىقنى، بىلىم ۋە ئادالەتنى ھە
بىر قاتار كەسپىي ماھارەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شەر
لىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز ئ
سىرىدە ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ـــ دېھقا ر
چارۋىچى، ھۈنەرۋەنلەر ... نىڭ جەمئىيەت تەرەققىياـ
تىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينايدىغان رولىنى، ئۇلارنىڭ
ئاجايىپ زور تارىخىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىـ
لەن بىرگە ئۇلارغا قىزغىن ھېسسىيات بىلەن مەدھىيە
ئوقۇيدۇ.
يۇقىرىقى باياناتلاردىن شائىرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق
ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
ئاپتور جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا جەمئىيەتنىڭ
بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپـ
لىرى ئۆز ئارا بېقىندىلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش
بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۈـ

شەنچىسىنى بەدىئىي ماھارەت بىلەن شېئىرىي مىسرالاردا ئەكس ئەتتۈرگەن.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشتىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى يۇقىرىقىدەك بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا، يەنى فېئودال خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىغا ئۆتىدۇ. شائىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تايىنىدىغان يارد

ەمچىلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ؛ شۇڭا پادىشاھ ئۆز قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئاپتور يۇقىرىقى نۇقتىدا، يالغۇز پادىشاھنىڭ ئەقىل - پاراستى، بىلىمى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەنلا دۆلەتنى باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، دۆلەتنى باشقۇرۇشتا يەنە ۋەزىر، قوماندان، ئىشىك ئاغىسى، خەزىنىچى، ئەلچى، كاتىپ ... قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىر، قوماندان، كاتىپ ئەڭ مۇھىمدۇر، دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شائىر، فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئۈچ شەخسنىڭ — پادىشاھنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولغان ۋەزىر، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى، مۇھىم سىرلى-

رىنى بىلگۈچى كاتىپ، ئەل - يۇرتنى تاجاۋۇزچىلاردىن، ئىچكى توپىلاڭدىن ساقلاپدىغان قوماندانىنىڭ رولىنى كەۋ- دىلىك ھالدا بايان قىلىدۇ ۋە بۇ پىكىرنى مۇنۇ بېيىتلەر- گە يىغىنچاقلايدۇ:

2711 ئەل - يۇرتنى تۇتماقلىق قىلىچلە بولۇر،
بۇ ئەلدە ھەركۈملەر قەلەملە يۇرۇر.

2713 بىلىم بىرلە باشلار بەگ ئەلدە قانۇن.
ئەقىل بىرلە ئىشلەر ئىشنى پۈتۈن.

2714 قىلىچ — مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتار،
قەلەم — مەملىكەتنى تۈزەپ مال يىغار،

2715 قىلىچ قان تېمىتسا — بېگى ئەل ئۇلار،
قەلەمدىن سىيا تامسا — ئالتۇن يىغار.

2716 جاھان تۇۋرۇكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.

2418 ۋەزىرلىك بىرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى بىرسى، قولىدا ئەلەم.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىپى تۈزەر،
ھېرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر؟

شائىر يۇقىرىقى نۇقتىدا، مەملىكەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۆپ شەرتى: بىرىنچىدىن، قوشۇنغا سەرخىل قوماندانىنى تاللاپ باش قىلىش ئارقىلىق ھەربىي ئىشلارنى ياخشى تەرتىپكە سېلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچلەندۈرۈش؛ مەملىكەت ئىچىدە ياخشى قانۇن - سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ياخشى ۋەزىر تاللاش؛ خاننىڭ ئەمىر - پەرمانىنى پۇقراغا ۋاقتىدا، توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق سالاھىيەتلىك بولغان كاتىپ تاللاش كېرەك، دەپ تونۇغان. شائىر بۇ پىكرىدە بىر تەرەپتىن ھاكىم مۇتلەقلىققە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنى نامايەن قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەتنى گۈللەندۈرۈشتە بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىككى خىل ئامىلنى، يەنى دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى — قەلەم بىلەن ئەلەمنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ فېئودال ھاكىم مۇتلەقلىققە قارشى ھالدا دۆلەتنى بىلىم ۋە قانۇن بىلەن دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى بەلگىلىك ئىلغارلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ خىلدىكى كۆز قاراش ئەينى زاماندا ئىنسانىيەتنى ئالغا، يورۇقلۇققا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەندى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ

يەنە بىر گەۋدىلىك تەرىپى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار جەمئىيىتىنى «بۆرە بىلەن قوزا بىر ئېرىقتا سۇ ئىچىدىغان» غايىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىنتىلگەنلىكىدۇر. شائىر بۇ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ بولۇشىنى ياكى پادىشاھ ئادالەت ۋە قانۇننىڭ ھامىيسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە «ئادالەت — پادىشاھ بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ توغرا ئۆلچىمى»، «ئادالەت ھەممىگە قارىتا بىردەك مۇئامىلىدە بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ»، «خان — ئادىل سىياسەت، توغرا سىياسەت يۈرگۈزگەندىلا ئۆز ئېلىنى گۈللەندۈرەلەيدۇ»، «كۈچ خەلقتىن، ئادالەت قانۇندىن تۇغۇلىدۇ»، «مەملىكەتتە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈلسە ئەل ئامانلىق تاپىدۇ؛ يامانلار ھوقۇق تۇتسا، ئەل - يۇرت پاراكەندە بولىدۇ» دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

داستاننىڭ 15 - بابىدىكى باياندا، خاننى ئادالەت سىمۋولى ۋە ئادالەت ھامىيسى سۈپىتىدە چۈشەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ بابتىكى تەسۋىرىي بايان ۋە سۆھبەت دىئالوگى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايەن قىلىدۇ. شائىر بۇ بابتىكى مىسرالىرىدا ئادالەتنىڭ ئۈچ پۈتلۈق كۈرسىدەك بىقارارلىققا تايىنىدىغانلىقىنى، لىڭشىپ تۇرغان نەرسىدە ئادالەت ھامىيلىققا مۇيەسسەر بولالمايدىغانلىقىنى. «شاھ ئولتۇر-

-دىغان كۆرسا پەقەت ئۈچ پۇتلۇق بولۇشى» كېرەكلىك-
-نى (شائىر كۆرسىنىڭ ئۈچ پۇتىنى مۇنۇ ئۈچ ئىشقا
سىمۋول قىلغان: ئادالەت تىلەپ كەلگەنلەرگە شېكەر،
يامانلارغا ئۇراغۇن ① بېرىش، دەۋانى خۇددى پىچاق
بىلەن بىر نەرسە كەسكەندەك، سۆرەلمىلىك قىلماي تېز
-ھەل قىلىش). «ئەگرىلىك — يامانلىق ئۇرۇقى» ئىكەن-
-لىكىنى ئەدەبىياتتىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئار-
-قىلىق بايان قىلىدۇ.

شائىر ئۈچ پۇتلۇق كۆرسىنى — ئادىل، توغرا قا-
-نۇنغا، كۆرسىنىڭ يەردە قىڭغايماستىن تۇرىدىغانلىقىنى —
-ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىغا سىمۋول قىلىدۇ.
بۇ دۆز قارىشىنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن چۈشىنىشلىك قى-
-لىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئاپتور خانغا خىتاب قىلىپ: «ئە-
-گەر بەگلىكنى مۇستەھكەم بولغان ئۈچ پۇتلۇق كۆرسە-
-دەك مەھكەم، پۇختا تۇرسۇن دېسەڭ، ئەلدە ئادىل قا-
-نۇن يۈرگۈزگىن، بۇ ئادىل قانۇن بەگلىكنىڭ ئۇلى بول-
-سۇن» دەيدۇ. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى، 821
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئادىل بىرلە بەگ، 822
تىلەك - ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

---

① ئۇراغۇن — ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل زەھەرلىك چۆپ. شائىر
بۇ يەردە قانۇنىي جازانى كۆزدە تۇتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنداق مەنا چىقىدۇكى، شائىر دۆلەت-نىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئادىللىق بىلەن تۈزۈل-گەن توغرا قانۇننىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراپ بولۇشى — ياخشى قانۇن ۋە خاتا سىياسەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى، بۇ-نىڭدا سەۋەب ۋە نەتىجىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن دىئا-لېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىپادىلەنگەن ساددا دى-ئالېكتىكىلىق ئىدىيىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك تەرىپى شۇ-كى، شائىر مۇئەييەن دائىرىدە، شەيئىلەر تەرەققىياتىدى-كى قارىمۇ قارشىلىقنى شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇكى، شەيئىلەر بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى، ھەمدە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى تەرەپ-نىڭ مەلۇم شارائىتتا ئۆز ئارا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى غۇۋا تونۇپ يېتىدۇ. مەسىلەن: ھايات - مامات، بەخت-ئاپەت، ساۋاب - گۇناھ، بىلىملىك - بىلىمسىزلىك، توغرا - خاتا، ئاچكۆزلۈك - قانائەتچانلىق قاتارلىق جەھەتلەر-دىكى بايانلاردا يۇقىرىقى ئىدىيە نامايەن بولىدۇ. ھايات-مامات توغرىلىق شائىرنىڭ تونۇشىدا ئەنئەنىۋى دىنىي كۆز قاراشلارغا نىسبەتەن بۆسۈش بولىدۇ.

ئاپتور تۇغۇلماق — ئۆلمەك دېمەكتۇر، تۇغۇلۇش-ئۆلۈش تەبىئەت قانۇنىيىتى دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ، مۇنداق دەيدۇ:

1213 چىمىكى نەرسىنىڭ كۈنى بەلگىلىك،
نەپەس — تىن ئىلىشىنىڭ سانى بەلگىلىك.

1214 يىل، ئاي، كۈن ئۆتەردەك تىرىكلىك كېچەر،
ئۆتەر كۈن تۈگەتكەي سېنى بەلگىلىك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە، پەقەت خۇدالا مەڭگۈ، ھەممىگە قادىر؛ ئادەم ۋە مەخلۇقات، جۈملىدىن بارلىق مەۋجۇداتنى «خۇدا ياراتقان» دەپ تونۇغانلىقىنى ئىزھار قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە كۆپلىگەن مىسرالاردىكى پىكىر بايانلىرىدا تەڭرىدىن قالمىش بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مايىل ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم توغرىسىدىكى بايانىغا ئۆز ئەسىرىدە كۆپ ئورۇن بېرىپ، بىلىم بىلەن بەختنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلىنى تولۇق.

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۆيۈكلۈك تاپۇر.

155 ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

218 ئەقىل بىرلە تۇتتى جاھان تۇتقۇچى،
بىلىم بىرلە تۇتتى ئەلنى سورغۇچى.

289 ئۆسەر ئەل ئەقىلدىن، بىلىمدىن بۆيۈر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

شائىر بىلىمنىڭ بەخت - دۆلەتكە، قەدىر - قىممەتكە نائىل بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى، يەنى بىلىمنىڭ بەختكە ئېرىشىشتىكى سەۋەب ئىكەنلىكىنى، بەختنىڭ بىلىمنى توغرا ئىشلىتىش سەۋەبى (ۋاسىتىسى) بىلەن قولغا كېلىدىغان نەتىجە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئەقىل - پاراسەتنىڭ، بىلىمنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە بۇ پىكىرنى مۇنۇ مىسرالىرىدا خۇلاسىلەيدۇ:

302 كىشى ئوغلى سۈندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

3168 بىلىملە يېتىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشىدا، بىلىم بىلەن بەخت - سائادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىئالېكتىكىلىق باغلىنىش مەۋجۇت، دېگەن چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە يەنە كىشىلەرنىڭ تۇغما بىلىملىك بولمايدىغانلىقىنى، پەقەتلا ئۆگىنىش ئارقىلىق، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش يولى بىلەنلا بىلىمگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

4021 بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى، ئۆگىنۇر،
تۇغۇپ سۆزلىمەس تىل، تۇرۇپ سۆز قىلۇر.

4022 كىشى ئۆگىنىش بىرلە ئالىم بولۇر،
بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئوڭلىنۇر.

ئاپتور داستاندا ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش — تۇغما بولىدۇ دەپ قارىسىمۇ، لېكىن بىلىملىك بولۇش ئۆگىنىشتىن، تەربىيىدىن بولىدۇ دەپ قاراپ، بىلىم — تەربىيە ۋە بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ئاپتور «قۇتادغۇ بىلىك» تە ھېسسىيات، تەپەككۇر، تىل، تەجرىبە، ئەمەلىيەت، تەلىم -

تەربىيە، خاتالىق ۋە ھەقىقەت مەسىلىلىرىدە تېكشىلىك شەرھى بايانلار ئېلىپ بارىدۇ.

بىز، ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىسى ۋە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ئۇقۇملار ئۈستىدە خېلى تەپسىلىي توختالغانلىقىدىن ئۇنىڭ بىلىملىك بولۇش بىلەن تەلىم - تەربىيە، ئۆگىنىش پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت بارلىقىنى، ئۆگىنىش — بىلىملىك بولۇشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى دەپ تونىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىگە «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) دېگەن نامنى بەرگەن ھەم بۇ تېما ئەسەرنىڭ پىكىر راۋاجىدا تەپسىلاتلار بويىچە شەرھلەنگەن. شائىر مۇشۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا بەخت - سائادەتنىڭ بىر ئىزدا تۇرمايدىغانلىقىنى — تۇيقا ئۇچشايدىغانلىقىنى، كىمكى ئۇنى قولغا كەلتۈرىمەن ياكى چىڭ تۇتىمەن دېسە پەقەت ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتىنى، يەنى ھالال مېھنەت بىلەن، ئەقىل - بىلىم بىلەن، توغرا يول بىلەنلا ھازىرلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە يەنە ئۇنى چىڭ تۇتۇشنىڭ شەرتى — دىيانەتلىك، ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇش، سۆز ۋە ھەرىكەتتە بىردەك بولۇش ... قاتارلىقلارنى ھازىرلاش ئىكەنلىكىنى سېلىشتۇرما ئاساستا بايان قىلىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ مۇھىم رولىنى تەكىتلەيدۇ.

شائىر، بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرت-

ئامىللىرى بىلەن ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇش سەۋەبلىرىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى مۇناسىۋەتلىك بابلاردا كونكرېتلاشتۇرۇپ بايان قىلغان. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ بايانلىرىدىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق بىر ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتى بويىچە بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈش ئانچە قىيىن ئەمەس.

× × ×

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ شەيئىلەر تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تونۇشىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىر شەيئىلەر تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر.
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك.
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە «تۈرەلگەن نەسىلەر بارى يوقىلۇر»، «پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز

بولۇر»، «يېڭى نەرسە بولسا كونا نە كېرەك» دېگەن مىسرالىرى بىلەن قاراخانىلار جەمئىيىتىنى بەختىيار غايىۋى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ھەققىدىكى ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا يەنە نەرسىلەرنىڭ سىرتىغا ئەمەس ئىچىگە، ماھىيىتىگە ئەمەس ماھىيىتىگە قاراش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ:

5109 ئېلىگەن قارىما كىشى تېشىغا،
ئىچىگە قارا ھەم مەخپىي ئىشىغا.

5110 قوغۇننىڭ تېشى ياكى رەڭگى — يۈزى،
ھىدى، مەغزى كۆركەم نە چاغلىق ئۆزى،

5113 پۈتۈن نەرسە ئۈستۈنلۈكى ئىچىدە بولۇر،
ئىچى بولمىسا، تاش يارامسىز قالۇر.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا سۈپەتنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدىغان بىر خىل مۇئەييەنلىك ئىكەنلىكىنى، بۇنداق مۇئەييەنلىك بىر شەيئىنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش بىلەن ئۇنى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشتە شۇ شەيئىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە دىققەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ شائىرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى دىئالېكتىكا-

لىق كۆز قاراشىنىڭ كەۋدىلىك بىر ئىپادىسى بولۇپ، بىزنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ شەيئىلەر تەرەققىياتى توغرىسىدا يەنە مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1086 نېمە كىم تۇغۇلار ھەم ئۆلمەك كېرەك،
نېمە ئۆرلىسە پەسكە چۈشمەك كېرەك.

1087 چىقىشقا چۈشۈش بار، ئېگىزگە باتىق①،
سۆيۈنچكە قايغۇ - غەم، ئاچچىققا تاتىق②.

بۇ مىسرالاردا يۇسۇپ خاس ھاجىپ شەيئىلەر تەرەققىياتىنى، يەنى مەلۇم بىر شەيئىي تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يەتكەندە يوقىلىدىغانلىقى (ياكى ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئۆزگىرىدىغانلىقى)نى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ پىكرىنى ۋەزىر «ئايتولدى» نىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا خىزمەت قىلدۇرغان مۇنۇ بېيىتلىرىدە تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ:

731 ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

---

① باتىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) چوڭقۇرلۇق، ئوي يەر.
② تاتىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تاتلىق، لەززەت.

733 تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ كېيىن —
كېمەيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734 يورۇقى ئاز - ئازدىن يەنە يوقىلۇر.
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

بۇ بېيىتلەردىن شائىرنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئەينى مىسال قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ نۇقتىنىڭ قىممىتى — شائىرنىڭ شەيئىلەرنىڭ توختاۋسىز ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا يۇقىرىقىدەك مۇپەسسەل ساددا دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ خۇددى تارىختا ئۆتكەن ھەر مىللەت مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش تارىخىي دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلمىگەنىدى.

ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئىلاھىي كۈچكە بولغان ئېتىقاد مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان تارىخىي شارائىت تۇپەيلى، گەرچە شائىر ئېنىق ئاتېئىستلىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىكى كۆز قاراش-

لىرى، ھايات - مامات توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە شەيئىيلەر تەرەققىياتى ھەققىدىكى بايانلىرىدا خۇراپاتلىقنى يوشۇرۇن ھالدا قامچىلاپ، كىشىلەردە تەڭرىگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار دۇنياۋى ئىلىم - پەندە پەلسەپە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىنسانىيەت ئالدىدا كۆرسەتكەن ئۇلۇغۋار خىزمىتى شۇكى، دۇنيانى ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشىنىشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇنداق ياكى بۇنداق دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشكەنىدى. بىز بۇ تەرەپنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرىنى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

## «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى پىكرىم

### مەتىمىن يۇسۇپ

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى مەدەنىي مىراسلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئېلىمىزدە ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار. ئۇيغۇر خەلقىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، «قۇتادغۇ بىلىك» مانا شۇ مەدەنىيەتنىڭ گەۋدىلىك بىر نامايەندىسى.

ئازسانلىق مىللەتلەر رايونى بولغان شىنجاڭ تارىختا دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىن، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ كىرەلەشكەن جايى. تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مەنبەسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا «يىپەك يولى» نى بويلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلغان جاي. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق

مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش جۇڭگو پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1069 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن. داستان 85 باب، 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىر ۋە ئۈچ مەدھىيە شېئىر-دىن تەركىب تاپقان. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1018 - يىلى بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىپ تاماملىغاندا، 50 ياشتىن ئاشقان، ئىلىم جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئەدىب بولۇپ، 1085 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى قەشقەردە. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى ھىجرىيە 462 - يىلى (مىلادى 1069 - يىلى) يېزىپ تاماملاپ، قاراخانىلارنىڭ خان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان قەشقەردىكى ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانى تەبۇ ئېلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلار خانلىقىنىڭ 180 - يىلى يېزىلىپ تاماملانغان. قاراخانىلاردا بۇ دەۋردە مەلۇم تەرەققىيات بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە، ئىجتىمائىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق

ھەم زىددىيەتلەر مۇرەككەپلىشىپ ئۆتكۈرلەشكەنىدى.
مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، يۈسۈپ قاراخانىلارنىڭ
پايتەختى قەشقەردىكى ئوردىسىدا «ھاجىپ» (يېقىن
ۋەزىر، خاس مەسلىھەتچى) لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەن بۇغراخان ۋە ئالىملار بۇ ئەسەر-
نى قەدىرلەپ، يۈسۈپكە ئىككىنچى قېتىم «ئۇلۇغ ھاجىپ»
ئۇنۋانىنى بەرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مول ئىچكى
مەزمۇنى ۋە جانلىق ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر پەلسەپە
تارىخىدىمۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2

«قۇتادغۇ بىلىك» شەرق ۋە جۇڭگو تارىخىدا بە
تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى
دەۋرى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ مۇجەسسەم
ئىنكاسى بولغانلىقى، ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر مۇنچە مۇھىم
ساھەلىرى (مەسىلەن: ئەقىل-پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق-
پەزىلەت) بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى
ئىدىيىلەرنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن نامايەن قىلىپ، جەم-
ئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى بىلەن ئۇيغۇر پەل-
سەپە، ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر پارلاق نامايەندە
سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مەشھۇر
ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ

بۇ ئەسەر XIX ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى، «قۇت» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى قەدىمدىن بۇيان بەخت - دۆلەت، سائادەت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئادغۇ» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن «قۇتادغۇ»، «بەخت - دۆلەت بەرگۈچى» ياكى «بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياسالغان. قەدىمكى «بىلىك» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىلىم» ياكى «ئىلىم» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن سۆزنى «بەخت - سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» — قانداقتۇ ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغۇچى بىر تارىخ، نە رايون - جاي ۋە شەھەرلەرنى تەسۋىرلىگۈچى بىر جۇغراپىيە، قانداقتۇ دىنىي كىشىلەرنىڭ ئىجتىھاتلىرىنى توپلىغان بىر كىتاب، نە ھېكىمەلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ۋە نە شەيخلەرنىڭ ھىكمەتلىك سۆزلىرىگە تايانغان نەسىھەتنامە ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك مەنسەپ ئەھلىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بىھۇدە، مەنىسىز ئەخلاق دەرسى بەرگۈچى قۇرۇق نەسىھەتچى ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت ھەم دۆلەت ئىچىدىكى ۋە-

زىپسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر ھايات پەلسەپىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ كەڭ مەنىدىكى مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن بىللە، باشقا جەھەتلەردىمۇ تامامەن ئورىگىنال بىر ئەسەردۇر.

بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنىۋى (ئىككىلىك شەكلى) ۋە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. ئەپسۇسكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلى نۇسخىسى تېخى تېپىلمىدى. ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى كېيىنكى چاغلاردا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېنا نۇسخىسى — مىلادى 1439-يىلى، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كېلىپ 370 يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھىرات شەھىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. ئۇ، 1474-يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. 1790-يىلى ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پۇرگىشتال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ، ۋېنادىكى پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان (ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلانماقتا). XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئارمىن ۋامبىرى ۋە ۋىلھېلىم رادلوف كىتابنى تۇنجى قېتىم قىسمەن ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمىسى بىلەن دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

قاھىرە نۇسخىسى — ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 11 مىڭ 600 مىسرادىن ئىبارەت. بۇ نۇسخىنى قاھىرە «ھىدىۋ» كۇتۇپخانىسىنىڭ نې-

مىس مۇدىرى دوكتور مورىتىز 1896 - يىلى تۇلجى قېتىم ئېلان قىلغان، كېيىن تۈركىيە تىل جەمئىيىتى بۇ نۇسخىنىڭ فوتوسىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈپ 1943- يىلى شۇ پېتى بېسىپ چىقارغان.

پەرغانە نۇسخىسى — ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممەدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، جەمئىي 12 مىڭ 190 مىسرادىن ئىبارەت. بۇنى تۇنجى قېتىم 1914 - يىلى تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى تۇغان پەرغانىنىڭ نەمەڭ-گان شەھىرىدىن تاپقان ۋە شۇ چاغلاردا رۇس جاما-ئەتچىلىكىگە بىر قۇر تونۇشتۇرغان. بۇ نۇسخا ئارىدا بىر زامان يوقىلىپ كېتىپ 1924 - يىلى ئۆزبېك ئالى-مى ئابدىراۋوپ فىترەت تەرىپىدىن قايتا ئاشكارىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. 1934- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ نۇسخىنىڭ فوتو كۆپىيىسىنى تۈركىيە تىل جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان. تۈركىيە تىل جەمئىيىتى 1943- يىلى بۇ نۇسخىنىڭ فوتو باسمىسىنى نەشر قىل-غان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھ-مەتى ئارات ئۇزۇن يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، بۇ نۇس-خىلارنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاپ، 1947- يىلى تولۇق مەتىن ( تېكىستى ) نى ترانسكرىپسىيە بويىچە نەشر قىلدۇرغان ۋە 1959- يىلى ھازىرقى زامان تۈركچىسىگە قىلىنغان نەسرىي تەرجىمىسىنى ئېلان قى-لىنغان.

بىز « قۇتادغۇ بىلىك » تىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ-نىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئ-

ەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئەخلاقشۇ-
ناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونو-
مىيە، دىپلوماتىيە، تىل - ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، فولك-
لور، دراماتورگىيە، ھەربىي، ستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادشۇ-
ناسلىق، تاكتىكا جەھەتلەردە يېتىشكەن چوڭ ئالىم
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىل جەھەتتە بىر مۆلچە
دىئالېكتلارنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، ئەرەب - پارس
تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە،
شۇ زامانلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئىران تىللىرىدىن
سوغداق ( سوغد ) تىلىنى بىلەتتى.

ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ئۆز مىللىتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرى ۋە خەلقىنىڭ
جانلىق تىلىدىن مول ئوزۇق ئالغان. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن بولسۇن، ئوت-
تۇرا ئاسىيا خەلق ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان
«قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ نادىر ئەسەرنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك بىلەن يارىتالىغان.

ھەممىدىن دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى،
بۇ كىتاب تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە،
خانغا مەدھىيە ئوقۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
يەنە تۆت ئوبرازنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرى ئارقىلىق
خانغا قاتتىق تەلەپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بۇنى
خانغا قارىتا بىر خىل تەنقىد دەپ قاراشقا بولىدۇ.
مەسىلەن:

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالاڭغاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۈر.

5374 چىشى، ئەركەك تاغ ئۆچكە، ئىۋىن①، ئاق كىيىك،
ساڭا تۇگمەس يەم، نى ئۆز مىجەزلىك.

5380 ئاتالىق، ئاتاسىز قالۇر ئۇ يالغۇز،
ئانالىق، ئاناسىز بولۇر بىر ئۆكسۈز.

مۇئەللىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال ھاياتنى قاتتىق پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي بىلىملىك كىشى، ئەتراپىڭغا بىر باق، نېمىلەرنى كۆرەرسەن، بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىباردىن چۈشكەن، چەتكە قېقىلغان، ئەقىللىقلەر تىلسىز، ئۇلار ئاغزىنى ئاچالماس بولۇپ قالغان. ھالالنىڭ پەقەت ئىبتىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، بۇنى سەزگەن كىشى يوق... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولدا ماڭغان كىشى قېنى؟!...»

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھلارغا مەدھىيە ئوقۇپ ئۇلارنىڭ دەستۇرخانلىرى بىلەن قورساق

① ئىۋىن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) كىيىكنىڭ بىر خىلى.

ئويغۇزىدىغان قەسىدىچى ساراي شائىرى ئەمەس، ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغان ئىلغار پىكىرلىك بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ۋە ۋەتەنپەرۋەردۇر. شائىر ۋە پەيلاسوپ ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئىچكى-تاشقى ئۇرۇشلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى بىر قەدەر تىنچ مۇستقا كۆچكەن، بولۇپمۇ ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغانىدى. بۇ مەدەنىيەتتە بىر تەرەپتىن، ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامان، مانى، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالماقتا ۋە بەلكى زور سالماقنى ئىگىلىمەكتە ئىدى. بىر تەرەپتىن تىل-يېزىق، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسمىلاتسىيىسى باشلىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەب ئاسسىمىلاتسىيىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كەلگەنىدى.

3

بۇ دەۋردىكى ئادەملەر بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ، قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ، خەلق بىلەن قانۇننىڭ، خان بىلەن پۇقرانىڭ بىر-بىرىگە بولغان

مۇناسىۋەتنى ساددا دىئالېكتىكا ئۇسۇلى بويىچە يېشىپ بەرگەن. مەسىلەن:

5574 سىڭگەندە پۇقرالىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ،
بۇ ھەققنى ئۆتەسەن ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.

5575 بىرى، ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن، ئايارىن كۆزەت.

5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىن-بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

5577 ئۈچىنچى، ئېمىن قىل پۈتۈن يوللىنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى پەلسەپۋى ئىدىيىسى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئاساسىي مەسىلە ئىدى. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى، دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ تەلىماتى سۈپىتىدە ھازىرغىچە نامايەن بولماقتا. مۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۈيۈك سەردارى سۈپىتىدە دۆلەتشۇناسلىق مەسىلىسىگە ئائىت تۆۋەندىكى ئۈچ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر».

2. دۆلەتنى پەقەت بىلىملىك ئادەملەر ۋەھەن قانۇن، ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش كېرەك.

3. خان، پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق-پەزىلەت-نىڭ بولۇشى — بولماسلىقى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي نورمىلىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ئۈچ مۇناسىۋەتنىڭ بىر-بىرىگە بولغان باغلىنىشىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۇنىڭ زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆتكۈر تىل، يۇقىرى ماھارەتلىك كىنايە ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆرسەتكەن. لېكىن، تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن پىلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىق ئالىملارمۇ بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ ئۈچ مەسىلىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش دۆلەتشۇناسلىق ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ قويالمىغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى. مەسىلەن:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايىرماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كىبىرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

214 ماڭا تەڭ ئىدىسى قانۇن ئالدىدا.
بۆلەكچە بولماسەن ھۆكۈم ۋاقتىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ قانۇن ئىدىيىسىنى بۇنىڭدىن مىڭ يىلچە ئىلگىرىكى ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ھۆكۈمنى ئۆز خاقانى ئالدىدا، خەلق ئالەم ئالدىدا تەنتەنە بىلەن جاكالىغان. شەكسىزكى، قانۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىر خىل ۋاستە. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئامىل ئىجتىمائىي ئادالەتنى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئادىل قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەينى چاغدا ئىجرا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «قانۇن ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھۆكۈمدار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغى قانۇننىڭ ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر». لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى كۆز قاراشلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قاراشلىرىغا زىتتۇر. پلاتون: «تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىكتۇر... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۆر (ئازاد) ئادەمگە تېخىمۇ

كۆپرەك يارىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خوجايىن بولالايدۇ. ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزەلىگەنلەر جەمئىيەتنى قولىغا ئالالايدۇ ۋە ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ھېساپلىنىدۇ» ① دەيدۇ.

ئارىستوتىل: «قۇللار ئەھلى ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىلىسىنىڭمۇ جىسمانىي كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ... قۇللار مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىنىنىڭ مۈلكى ھېساپىغا كىرىدۇ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇشى تەبىئىي ھال. بەزىلىرى ھۆكۈم قىلىش، بەزىلىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان» ② دەيدۇ. بۇ مىساللاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن «ئادالەت» ھەققىدە مەسىلىلىرىدە ھەرگىزمۇ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىسى ياكى شاگىرتى ئەمەسلىكىنى، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە رېئال قانۇن ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ، دانىشمەنلەرنىڭ، خان - پادىشاھلارنىڭ، نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشتەك ئىلاھلاشتۇرۇش پەلسەپىسىنى رەت قىلغان. ئۇلار «ئىنجىل» نى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھەممە ئادەم

---

① پلاتون: «دۆلەت» تۈركچە تەرجىمىسى، 1- توم، 31- بەت.

② ئاشتىل: «قەدىمكى يۇناندا سىياسىي چۈشەنچىلەر» تۈركچە تەرجىمىسى، ئىستانبۇل نەشرى، 163- بەت.

قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئۆلچەم قىلغان؛ ئۇلار پادىشاھ - خانلارنىڭ سۆزىنى ئادالەت - ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئالدىدا بەگ، قۇل، كەمبەغەل دېمەي ئادىل ھۆكۈم قىلىشنى ئۆلچەم قىلغان؛ ئۇلار ئوردىدىكى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىدىكى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت بولۇشى مۇتلەق ئەمەس دەپ قاراپ، بىرىنچى — ئادالەت، ئىككىنچى — خەلققە ياخشىلىق قىلماق، ئۈچىنچى — باراۋەرلىك، تۆتىنچى — ئىنسانىيلىق بولۇشنى ئۆلچەم قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن پەلسەپىگە دائىر ئىدىيىسىنى تارىختىكى ھەر خىل «قانۇن پەلسەپە» ئەسەرلىرىنى يازغان پەيلاسوپلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت پەرقنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

مەسىلەن: گېگېلنىڭ 1821 - يىلى نەشر قىلىنغان «قانۇن پەلسەپىسى» دېگەن كىتابى ئۇنىڭ «روھ پەلسەپىسى» نىڭ ئىككىنچى قىسمى، يەنى «ئوبيېكتىپ روھ» دېگەن قىسمىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا گېگېل ئۆز پەلسەپەسىنىڭ ئالىي پرىنسىپىنى «مۇتلەق ئىدىيە» پرۇسسىيە پادىشاھى فرىدرىخ ۋىلگېلم III ۋەدە قىلغان دەرىجە تۈزۈمىدىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇش تۈزۈمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئەسىر

دەرىجە تۈزۈمىنىڭ تونىنى كىيگۈزگەن، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، خۇشامەت قىلىپ، پادىشاھنى «ھەقىقىي ئەۋلىيا»، پرۇسسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى «دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئالىي شەكلى» دېۋالغان. گېگېل «ھەقىقىي ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغان پادىشاھلارنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئالىي پرىنسىپى قىلىۋالغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھۆكۈمدارلار ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، قانۇن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك» دېگەننى ئۆلچەم قىلغان. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى بىلەن بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن باغلاپ تەپسىلىي چۈشەندۈرگەنىگە قارىغاندا، ئادالەت، قانۇن، دۆلەت ھاكىمىيىت قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائ ھاياتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپىگە يارىشا توغرا ھەل قىلالىغان.

4

ئىلىم - پەنگە مۇھتاج بولۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئەللىرى XX ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز دۆلەتلىرىنى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىم ئۈستىگە قويماقتا. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھازىر ئېيتىلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس،

ئەمما بۇنىڭدىن مىڭ يىلچە ئىلگىرى بۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىلمىي سۆزلەرنىڭ ئىپتىلىشى كىشىلەرنى بى ئىختىيار تەپەككۇر قىلىشقا ئىلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۇزۇن زامانلار داۋامىدا سانسىز ئىجتىمائىي ھادىسەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتىن دۇچ كەلگەن بوران-چاپقۇنلار نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن تارىخىي، ئىلمىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىم ۋە بىلىم بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشتىن تاپقان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەتتىپىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋەبلەرنى بىلىم-مەدەنىيەت دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ خەلقكە بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ، بىلىملەر ئىچىدە ھەندىسە (گېئومېترىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماساھە (يەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىلمى)، ھېساب، ئەدەبىيات ۋە باشقا ھەر خىل تىل ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر ھۆكۈمرانلار بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنمىسە، بىلىملىك بولمىسا، دۆلەتنى ئادىل باشقۇرالمايدۇ، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بۇلىقىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پەلسەپىلىك تەپەككۇرلەرنىڭ بىرى— بىلىم ۋە ئۇنىڭ

قەدىر - قىممىتى ھەققىدىكى پىكىرلەر بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

2603 ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپى ئول
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، بىلىم ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نەزمىلەشتۈرگەن. شائىر بارلىق قەدىر - قىممەت، ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ بىلىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى؛ نادانلىقنىڭ، بىلىمسىزلىكنىڭ كىشىلەر يىرگىنىدىغان قەبىھ نەرسە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنى جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، ئۇ خۇددى سايىنىڭ تېشىغا ئوخشاش قەدىرلەنمەيدىغانلىقىنى؛ گويا ئىپار ئۆزىنىڭ خۇشپۇرىقىنى يوشۇرالمىغىنىدەك، بىلىممۇ ئۆزىگە خاس نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بەخت - سائادەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ

ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئەقىل دېڭىزى ئىكەنلىكىنى شەرھىلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئىشىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان دىپلومات خادىملارنىڭ بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە بايان قىلغان:

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ۋە گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقۇسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

2634 يەنە دامىكا - شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشىغان شۇ ئەسىردىكى «نام ئەلاچىلىقى» ئېقىمىدىكىلەرگە ئوخشاشلا، خۇداغا ئېتىقاد قىلىش نۇقتىئىنەزىرىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئەسىرىدىكى بىر قانچە بېيىتلەردە ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ماددىي دۇنيا بولمىسا ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

ئۇ ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى «تۆت خىل ماددا» (تۆرت ئادۇ) نىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا باغلىق

دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆت خىل ماددىنى سۇ، ئوت، ھاۋا،
تۇپراقتىن ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ يەنە سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى كۆرسىتىش
تىن تاشقىرى، ئالەم بوشلۇقىنى 12 بۇرجقا بۆلىدۇ.

مەسىلەن: 1 - قوزى (ھەمەل)، 2 - ئۇد (سەۋر)،
3 - قوچقىق (گەسەد)، 4 - ئەرەنتىر (جەۋزا)، 5 - ئارس
لان (سۇنبۇل)، 6 - بۇغداي بېشى (سەرەتان)، 7 -
ئولگى (مىزان)، 8 - چادال (ئەقرەپ)، 9 - يا (ھوت)،
10 - ئوغلاق (قەۋس)، 11 - كۆنەك (جەدى)، 12 -
بېلىق (دەلۋە).

بۇ 12 بۇرجنى ئۈچتىن تۆتكە ئايرىپ چىقىدۇ:

ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر، 142
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

دېيىش ئارقىلىق ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت
تۆت پەسىلنى ئايرىيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى سخېما بويىچە چۈشە
نىش مۇمكىن:

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى
مەدرىس پەلسەپىسى ۋە كېيىنكى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ
«مۇتلەق روھ» پەلسەپىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھى
دىلىكلەرگە ئىگە. ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى تەقدىرگە
باغلىق ئەمەس، ئادەم ئانىسىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇ-
غۇلمايدۇ، قۇرساقتىن بىلىملىك قىلىپ بالا تۇغىدىغان ئانى
مۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئادەم تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلىش




جەريانىدا تەپەككۇر قىلىش، بىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە بىلىملىك بولۇپ يېتىشىدۇ. بىلىمنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېگىلىگىلى بولىدۇ. دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

5

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەخلاق ئىنسانىنىڭ قىممەتلىك پەزىلىتىدۇر» دېگەن ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسىگە دائىر پەلسەپىۋى كۆز قارىشى «قۇتادغۇ بىلىك»تە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۇئەللىپىنىڭ قارىشىچە، كىشى شۇنداق توغرا بولۇ-
شى كېرەككى، ئىچى - تېشى ئوخشاش بولۇپ مۇناپىقلىق
قىلمىسا، خەلققە خىيانەت قىلماي يامان ئىشلاردىن يىراق،
ئاق كۆڭۈل بولسا، خەلق ئالدىدا يۈرىكىنى ئالقىنىدا
تۇتۇپ، مانا مېنىڭ يۈرىكىم دەپ خەلققە كۆرسىتەلىسە،
يەنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ پاك يۈرىكىنى خەلق-
قە كۆرسىتەلىسە، شۇ چاغدا سەن ئەخلاقلىق ھەقىقىي ئادەم!
ھەقىقىي ئەخلاق چوڭقۇر ئەقىلدىن كېلىپ چىقىدۇ، دەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمىي ۋە يۈكسەك مەدە-
نىيەتلىك بىر مىللەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى. ئۇ، ئەدەبىي
ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە،
ھەم «سىياسەتنامە» ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىما-
ئىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھاياتى بىلەن
قاراخانىلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەس-
سەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇيغۇر تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىلار سەلتەنى-
تى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىنى،
قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئېتىكا، تەلىم -
تەربىيە، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق
قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەزى ئالىملار بۇ ئەسەرنى «تېخى قول تەگمىگەن
ئابىدە» دەپ قارايدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا «قۇتادغۇ بى-
لىك» نى داۋاملىق تەتقىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇھىم نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. جۈملىدىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىمۇ مۇھىم نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تۇتتۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرگە «شاكىلىنى تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ھىمىت مەقسۇت

بۈيۈك ئالىم، يېتىلگەن ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى — مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ پىششىق ۋە مۇستەھكەملىكى بىلەن داستانچىلىق سورۇنىدا تۆردىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك بەدىئىي نەمۇنە.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەمۇنىلىك بەدىئىي ئەسەر بولۇشىنى ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مول مەزمۇنى، پىششىق ۋە مۇستەھكەم قۇرۇلمىسىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدىكى باي ۋە گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا گۈللەپ ياشناۋاتقان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ فېئوداللىق بازىسى بىلەن ئۇنىڭغا ماس كەلمەيۋاتقان ئۈستقۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار سى-

ياسىي، ئىدىيىۋى، پەلسەپىۋى، قانۇنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، قاراخانىلار دۆلىتىدە پەيدا بولغان يېڭى ۋە مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھېچقاندىقى توقۇنۇشسىز (توقۇنۇشنى ئىپادىلىمەي) ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلالمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردە ئادەم يېزىلىدۇ، ئادەم بولسا جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ. جەمئىيەت تۈرلۈك تۈمەن زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ. ئەدەبىيات جەمئىيەتتىكى ئەنە شۇ زىددىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەينىكىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

بىز پۈتۈن داستاننى رەڭگا رەڭ گۈزەل نەقىش بىلەن بېزەلگەن ھەيۋەتلىك بىر سارايغا ئوخشاتساق، ئەسەردىكى كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ ئەنە شۇ ھەيۋەتلىك سارايىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆت تۈۋرۈك. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۈنتۇغدى پۈتۈن سارايىنىڭ ئېغىرلىق نۇقتىسى چۈشكەن مەركىزىي تۈۋرۈك بولۇپ، ئەدەبىي ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا باش قەھرىماندۇر.

ئەدىب ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، باش قەھرىمان كۈن-

تۇغدىنى يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلاشتۇرۇپ، ئادىل قا-
نۇنىنىڭ سىمۋولى — ئادىل پادىشاھ ئوبرىزىدا مۇنداق
تەسۋىرلەيدۇ:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كىرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونقىم،

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

يۇقىرىدىكى ئۈچ بېيىتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۈكسەك مەزمۇن يالغۇز ئەينى زامانلاردىلا ئەمەس، بەلكى مىڭ يىللىغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ ئىنسانىيەت ئاتوم دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. بۈگۈنكى كۈندە «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن سىياسىي شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بۇ كۆز قاراشنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئەسەردىكى ئايتولدى بەخت - سائادەت سىمۋولى. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى. رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيالىق يولىنى تاللىۋالغان ئودغۇرمىش بولسا، قانائەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، كېيىنكى ئۈچ پېرسوناژ تۇرلۇك يوللار

بىلەن ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاساسىي باش قەھرىمان كۆنتۈردىغا يالىدىشىدۇ. ئەدىبـ ئەنە شۇ تۆت پېرسوناژنىڭ كۆنتۈردىنى دەۋر قىلىپ ئىـ لىپ بارغان سۆھبىتى، بىر ـ بىرىگە يوللىغان مەكتۇبلىـ رى ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق داستاننىڭ مۇستەھكەم سيۇژېت لىنىيىسىنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن سىياسىي، پەلسەپەۋى، قانۇنىي، ئەخلاقىي ئىدىيە سىستېمىسىنى ئەنە شۇ سيۇژېت قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرۈپ، سوئال ـ جاـ ۋابلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتـ تۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆت پېرسوناژنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى دراماتىك دىئالوگ شەكلىنى ئالىدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئىلغار پەلـ سەپەۋى كۆز قارىشى ۋە لىرىك ھېسسىياتىنى ئەنەشۇ تۆت پېرسوناژ سۆھبىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئۈچىنچى شەخس تىلى بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. داستاندىكى بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلى كىتابخاننى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلىپ، شۇ سۆھبەتكە قاتنىشىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا ئىگە قىلىدۇ.

مۇئەللىپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىـ لەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، تۆت پېرسوناژنىڭ تىـ لى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرىـ دىكى ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى تەسۋىرلەش جەريانىدا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارقىن سۈرەتلەپ، ھەر بىر كونـ كرېت ۋەقە تەپسىلاتلىرىدا ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيـ سىنى، ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك» يىگىرمە نەشرىنىڭ 6 ـ، 7 ـ

بەتلىرىدە ئىپتىلىغاندەك «بۇ ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەر» بولۇپ، «ئۇرغۇن تەسۋىرلەردە رېئالىزم نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ». ئېلىك(خان، پادىشاھ)، ۋەزىر، ھاجىپ، ھەربىي قوماندان، ئالىم، شائىر، خەزىنىچى، كاتىپ، ئەسكەر، ساقى، ئىشىك باققۇچى، ئاشپەز، دېھقان، چارۋىچى، سودىگەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپ، خىزمەتچى، ئەلچى قاتارلىقلار داستاندا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەققىدە ئىنچام ۋە ئىشىنەرلىك بەدىئىي خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەل ئىچرە كىم ئالسا بىر ئۇستۇن ئورۇن، 545
تۈزسۈن ئەل ئۈچۈن بىر ياخشى قانۇن.

پېقىر، تۇل، يېتىمنى قوروۋغدا ئامان، 5302
شۇ چاغدا بولۇر چىن قانۇن نامايەن.

تەكەببۇر بولۇش بەگكە لايىق ئەمەس، 2115
تەكەببۇرلۇق بۇزار دۇرۇس يولنى، بەس.

دېيىش ئارقىلىق، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ناھايىتى زور مەسىلىنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرسە،

4403 پۈتۈن جانى بار ئاچ بولۇر ھەم تويۇر،
تىرىك بولسىلا ئاڭا مۇھتاج ئېرۇر.

4404 ساڭا ھەم، شۇبھە يوق، كېرەك بۇ كىشى،
پۈتەركىم، ئۆنىڭلە گېلىڭنىڭ ئىشى.

4417 نەسىبە ئالۇرلەر تۈمەن مىڭلىغان —
يۈرۈگچى يەر ئاشىنى، ئۈچقانلىرى دان.

دېيىش ئارقىلىق مۆمىن، قولى كەڭ، ئىشچان، بارلىق جانىۋارلارنىڭ نىجادكارى دېھقانلارنىڭ خاراكتېر ماھىيىتىنى روشەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

4440 بۆلار بەك ئاق كۆڭۈل، چىن راستچىل ئېرۇر،
كىشىگە يۈكىنى يۈكلىمەس بولۇر.

4441 يېمەك - كېيمەك، ئۇلاغ - ئات، ئايغىر ۋە يۈك —
توشۇچى بۆلاردىن چىقار بەلگۈلۈك.

4442 قىمىز، سۈت، يا يۈڭ، ياغ، قېتىق يا قۇرۇت،
بىسات يا كىگىز ھەم ھوزۇر ئۆيگە تۇت.

يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئوقۇغاندا، كىتابخان ئۆزىنى گويا چارۋىچىلار ئارىسىدا ياشىغاندەك ھېس قىلىپ، كۆز ئالدىدا چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى يارقىن

گەۋدىلىنىدۇ. ھەر بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھ سۈرەتلەنگەن
بۇنداق مىساللارنى داستاندا كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.
ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ كۇنتۇغدىنى مەركەز
قىلىپ، سېلىشتۇرما ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر - بى-
رىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بىر - بىرىنى ئۆزئارا يورۇ-
تۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە شۇغۇللان-
غان كەسپىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ
خاراكتېرىدىكى پەرقلەر بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىماي-
دىغان ھايات پائالىيەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.
ئەدىب ئۆز داستانىدا پەندى - نەسىھەتكە ناھا-
يىتى زور ئورۇن بەرگەن. بۇ پەندى - نەسىھەتلەر توغ-
رىدىن توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسسىز قۇرۇق شوئار
ياكى روھىي چۈشكۈنلۈك بىلەن سۇغىرىلغان دىنىي تە-
سەۋۋۇپ سەپسەتىلىرى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت ھا
ياتىدىكى خىلمۇ خىل تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىد
جۇغلانغان، رېئال تۇرمۇش ئوچقىدا تاۋلانغان پەلسەپ-
ۋى پىكىر جەۋھەرلىرىدۇر. شۇڭلاشقا ئەدىبنىڭ بۇ ئىدى-
يىسى ئەينى زاماندىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرمۇ ساپ ئال-
تۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

2030 سۇرەلمەس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

2032 زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا نېمەتلەر ئۈنەر.

2033 بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۆزۈن ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز يۈرۈت، خەلقنى ئاسرا ھامان.

5200 بۇ كۈن ياخشى بولسۇن دېسەڭ بارچىسى،
ئۆزۈڭ ياخشى بولغىن، نى ئەل كاتتىسى.

پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پەندى-نەسىھەتلەر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدۇ.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۈنۈملۈك بىر شەكلى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ زىددىيەتلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ ۋە شۇ ئاساستا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردىمى بولىدىغان ئاساسلىق زىددىيەتلەرنى تېپىپ چىققىلى، بۇ ھەقتە ئىلمىي كۆز قاراشقا ۋە ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغىلى، بۇ ئارقىلىق ئىلغار ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تۆت پېرسوناژنىڭ سۆھبىتىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل ئۈنۈملۈك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆ-

زىتىشتىن ھاسىل قىلغان دىداكتىك كۆز قاراشلىرىنى كەڭ - كۇشادە بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، قانۇن ھەققىدە ياخشى - يامانىنى سېلىشتۇرۇپ:

ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان، 2034
زۇلۇم بىرلە كېمىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

قانۇننى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى، 1458
يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.

دېسە، ئەمەلدارلار ھەققىدە ياخشى - يامانىنى سې-لىشتۇرۇپ:

يامان باش كۆتۈرسە، ياخشىلار تۈگەر، 890
گەر ياخشى بەگ ئولسا، يامانلار بىتەر.

ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر، 895
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.

دەيدۇ. بىلىملىك ۋە بىلىمسىزنى سېلىشتۇرۇپ، بىلىم ۋە بىلىمكنى ئۇلۇغلاپ، ئوبرازلىق تىل ۋە ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق:

جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت، 260
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

262 بىلمىسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا. پەگا بولدى تۆر.

263 بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

دېسە، كىچىك پېئىللىق بىلەن تەكەببۇرلۇقنى سېلىشتۇرۇپ:

2233 كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۇرەر كۆپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق ھامان.

دەيدۇ. ئاز سۆزلەش بىلەن كۆپ سۆزلەشنى سې-
لىشتۇرۇپ، ئاز سۆزلەپ كۆپ ئاڭلاشنىڭ پايدىلىق ئى-
كەنلىكىنى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئوب-
رازلىق تىل بىلەن مۇنداق يورۇتۇپ بېرىدۇ:

1915 ئىشتىمەك قولاققا بېغىشلايدۇ زەۋق،
تولا سۆزلىگەن سۆزدە كۆپ پايدا يوق.

2684 بۇ ئاغزىڭ مىسالى بىر ئۆتكۈر ئېرۇر،
سۆزۈڭ چىقسا ئۇندىن تاڭ يېلى بولۇر.

2686 ئېغىزدىن گەھى ئوت، گەھى سۇ چىقار،
ئوزەر بولسا بىرسى، ئۇ بىرسى بۇزلى

2687 كۆيەر ئوتقا ئوخشاش كىرەكسىز سۆزۈڭ،
ئىغىزدىن چىقارما، كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

مۇئەللىپ يۇقىرىدىكى مىسرالاردا ئاز سۆزلەش بىلەن كۆپ سۆزلەش ئوتتۇرىسىدىكى پايدا - زىيان توقۇنۇشنى ئىچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، يەنە شۇ سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، راست سۆزلەش بىلەن يالغان سۆزلەشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ، يالغان سۆزلىگۈچىگە ئاچچىق بىر قامچا ئۇرىدۇ:

5079 بەگ راست سۆز بولغۇلۇق ۋە ئانىماس كېرەك،
سۆزىدە تۇرماسنى ئەر دېمەس كېرەك.

5080 بىر ئىيتقان سۆزىدىن يانمايدۇ ئەرەن،
سۆزىدىن يانغۇچى خوتۇندۇر، دېمەك.

مۇئەللىپ سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھايات دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدىن تارتىپ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە دائىم ئۇچرايدىغان ئەڭ ئەقەللىي پەرقلەرگىچە سەل قارىمىغان، مېھمان چاقىرىش ھەققىدىكى تۆۋەندىكى بېيىتلەردىن بىز بۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز:

4663 بولۇر تۆت خىل تەكلىپ قىلىنغان ئادەم،
بارۇر جايىمۇ تۆت خىل بولۇر، ئى بۇتام:

4664 بىرى، ئاشقا تەكلىپ قىلىنغان ھامان—
بارۇر ۋە نە بەرسە، ئىچەر، يەر ھەرئان.

4665 بىراق، ئۆز ئۆيىگە قىچقارماس كىشى،
ئاماقنى ئۆزىلا يېيىشتۇر ئىشى.

4666 يەنە بىرسى، قىچىرسا ئاشقا بارۇر،
ئېشىن يەر، ئۆزىمۇ ئۆيگە قىچقىرۇر.

4667 بىرىكىم، كىشىنىڭ بارماس چېيىغا،
ئۆزى ھەم كىشىنى ئېيتماس چېيىغا.

4668 ئۆلۈك ئۇ، ئۆلى سەن تىرىكتۇر دېمە،
تىرىكلىكتە ھەرگىز ئاڭا قېتىلما.

4669 يەنە بەزىلەر بار، بارمايدۇ پەقەت،
سويۇپ قانچە مالنى، بېرۇر زىياپەت.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سىپلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان تۆت خىل ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ، ھەر بىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئومۇملۇققا ئىگە.

داستاندىكى ھەر بىر كۇبلېت بېيىتتە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ سالمىقى ئوخشاش ئەمەس. شۇنداقلا

ھەر بىر ئوي - پىكرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنىڭ ۋەتى-
سىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە بىر
بېيىتنىڭ ئۆزىدىلا زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ روشەن
ھالدا سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسا، بە-
زىدە بىر قانچە بېيىت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئوي - پى-
كىر ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يۇقىرىدىكى مىس-
رالاردا بۇ پاكىت ئوچۇق كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلۇغ ئەدىب ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى
چوڭقۇر سىڭگەن ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
يەنە ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك
ۋاسىتىلەرنىڭ كۈچىدىنمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ،
داستاننىڭ تىلىنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت قىلىپ،
ئوي - پىكرنى چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام ئىپادىلەپ
بەرگەن. مەسىلەن: ئاچكۆزلۈك، مال - دۇنياغا بېرىلە
ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش قاتارلىق ئىنسان پەزىلىتىنى
يەرگە ئۇرىدىغان پەسكەش قىلىقلارنى غەزەپ بىلەن
سۆكۈپ:

1408 گويا بىر تۇزلۇق سۇ بۇ دۇنيا مېلى،
كىشى قانماس ئىچىپ، نەم بولماس تىلى.

2866 خىيانەتچى نەگە قول سۇنسا ئەگەر،
دېگىزمۇ سوغلار، قۇرۇپ كېتەر يەر.

دېسە، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئەقىلسىز بولىدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى مېۋىسىز دەرەخكە، قا-
راڭغۇ ئۆيگە ئوخشاتسا، بىلىم ۋە ئەقىلنى قاراڭغۇ ئۆي-
نى يورۇتقۇچى چىراغقا ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

2455 ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟

1840 كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغدەك كۆلى يورۇتۇر.

هۆكۈمدارلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن:

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

دەپ يازىدۇ.

ئوخشىتىش ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋاسىتە بولۇپ، ئوخشىتىش ئارقىلىق مەلۇم ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى شەيئىنىڭ بىرى ئارقىلىق، يەنە بىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق بىرمۇ داۋلى چۈشەندۈرۈل- گەندە، ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تىل-

ىنىڭ جانلىق، كونكرېت، ئوبرازلىق بولۇشىنى ئىشقا
ئاشۇرغىلى، بۇ ئارقىلىق ئابستراكت داۋلىنى كونكرېت،
مۇرەككەپ داۋلىنى ئاددىي، جانسىز داۋلىنى جانلىق
قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، «گويا»، «كەبى»، «تەك» قاتارلىق ئوخـ
شىتىش سۆز قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق تۈزۈلگەن يۇقـ
رىقى مىسرالاردىكى ئوخشىتىشلاردا تويىماس، ئاچكۆزلەر
ئۈچۈن مال دۇنيا «تۈزلۇق سۇ» غا ئوخشىتىلسا؛ بىلىمـ
سىز، ئەقىلسىز كىشىلەر «مېۋىسىز دەرەخ» ۋە «قاراڭغۇ
ئۆي» گە ئوخشىتىلغان. بىلىم ۋە ئەقىل قاراڭغۇ ئۆينى
يورۇتقۇچى «چىراغ» قا ئوخشىتىلغان. خەلق «قوي» غا
ئوخشىتىلسا، ھۆكۈمدارلار «چوپان» غا ئوخشىتىلغان
بولۇپ، ئوخشىتىشنىڭ كۈچى بىلەن بۇ شەيئىلەر ئوتتۇرـ
سىدىكى ئابستراكت ۋە مۇرەككەپ باغلىنىشلەر كونكرېت
جانلىق، ئوبرازلىق ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ
بېرىلگەن.

ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ بەگكە ئەسكەر
توغرىلىق ئېيتقانلىرى تەسۋىرلەنگەن تۆۋەندىكى مىسرا-
لارنى ئوقۇغاندا، مۇئەللىپنىڭ ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئىچـ
دىكى ئوخشىتىش كۈچىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ،
ئوبراز يارىتىش مەقسىتىگە قانداق يەتكەنلىكىگە قايىل
بولۇشقا مەجبۇر بولىمىز:

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلۋىز بىلەكلىك كېرەك.

2311 توڭگۇز كەبى تەرسا، يۈرەدەك كۆچمە
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.

2312 ئۇ بولسۇن ھىلىگەر قىزىل تۈلكىدەك.
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.

2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى.
كۆرسە قىيا قوزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.

2314 قارا، بولسۇن ھەممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچەسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا مۇئەللىپ ئوخشىغۇچى ئۈچۈن گەرچە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يىرگىنچلىك بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى تاللىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئوخشىتىش جەڭچىنىڭ ئوبرازىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى بۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ۋە ئۆز دۈشمەنلىرىنى يېڭىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق جەڭچىنىڭ ياۋ بىلەن ئېلىشقاندا قانداق بولۇشى لازىملىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر مىزاننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا قانداقتۇ بىر سەلبىي قىياپەت ئەمەس، بەلكى بەستىدىن كۈچ يېغىپ تۇرىدىغان بىر جەڭچىنىڭ جەسۇر قىياپىتى، ئۇنىڭ دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان ۋاقىتتىكى باتۇرلۇقى، غەيرەت - شىجائىتى، ئۆچ ئېلىشتا تەرسا، چاققانلىقى،

دۈشمەنلىنى يېڭىشتا قەتئىي ۋە ئۇستاتلىقى، ئۆزىنى قوغ-
داشتا ھوشيار ۋە سەگەكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى
بىلەن خۇددى كۆپتۈرمە سۈرەتتەك گەۋدىلىنىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردە بەزى جانسىز شەيئىلەر جانلىق
قىلىنىپ، ئوي - پىكىرگە ئىگە ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىر-
لىنىپ، بۇ ئارقىلىق ھېسسىيات جانلىق ۋە يارقىن ئىپادىلىنىدۇ.
بۇ ئەدەبىياتتا جانلاندۇرۇش دېيىلىدۇ. يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ
جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ لىرىك
ھېسسىياتىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ:

2647 پەزىلەت بىلەن ئەر قولىن گەر سۇنار،
بۈيۈك تاغ ئېگىپ باشىن يەرگە قويار.

بۇ مىسالدا جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن پەزىلەت-
لىك ئادەمگە تاغمۇ باش ئېگىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئار-
قىلىق، لىرىك ھېسسىيات كۈچى بىلەن ئەخلاق - پەزى-
لەتنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، پەزىلەتلىك ئادەم-
نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بايان، تەسۋىر، لىرىكا بەدىئىي ئەدەبىياتتا كەم
بولسا بولمايدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بولۇپ، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار بىر - بىرىدىن زادىلا
ئايرىلمايدۇ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە كەڭ مەزمۇنىنى

يورۇتۇپ بېرىشتە بۇ ئۈچ ۋاستىنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى زور.

ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئوي - پىكىر ھەر قانچە ئىلغار ۋە ھەر قانچە ئەھمىيەتلىك بولسىمۇ، شۇ مەزمۇننى تولۇق ۋە مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئۈنۈملۈك ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلمىسا، كۆتكەن مەقسەتكە تولۇق يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يۈكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە.

بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشقا قادىر ئۇلۇغ ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ پىشقان بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىتابخانلارنى ئۆزى تەسۋىرلىگەن بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە تەبىئىي ھالدا باشلاپ كىرىدۇ. مەسىلەن: كۈنتۇغدى ئېلىگ دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتقان دانىشمەن، پەيلاسوپ ئودغۇرمىشنى ئالدىغا چاقىرتىش ئۈچۈن، مەكتۇپ بىلەن ئۆگدۈلمىشنى بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. مەكتۇبنى ۋە ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ سۆھبىتىنىڭ بايانى ئىپادىلەنگەن تەسۋىرنى ئوقۇغاندا، كىتابخان ئۆزىنى تەبىئىي ھالدا ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندەك ھېس قىلىدۇ. مۇئەللىپ بۇ جەرياننى تەسۋىرلەپ، ئاخىرىدا ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى قايىل قىلالماي قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى كەچنىڭ ۋە سۈبھى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تاڭنىڭ مەنزىرە تەسۋىرىنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

3283 قۇياش يالدى يەرگە ھەم قويدى بېشىن،
يەرزۇق دۇنيا دېڭىزى قىزارتتى تۈسىن.

3284 يېپيېپ ساچىن ساما، يايتى نۇر يۈزىن،
گۈزەل زۇلپى قاپلاپ كەتتى يەر يۈزىن.

3288 يېپەك قالقان بېشىن چىقارغان ھامان،
يۇرۇق يۈز كۆلەردەك يۈرندى جاھان.

4967 كۈلۈپ باقتى نۇرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورىدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى يۈزى.

4968 قۇياش چىقتى نۇرلەپ، كۆرسەتتى ئۆز يۈزىن،
يورۇتتى ۋادى ھەم دەريالار يۈزىن.

4959 قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سېرىغ،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدەك ئېرىغ.

4960 قۇياش سۈرتتى يۈزگە سېرىق زەپىران،
ھاۋارەڭ شېشىگە بۈركەندى جاھان.

4961 مەشۇقلەر قېشىدەك بولۇپ ئاسمان،
ھەبەش - زەڭگى تۈسگە كىردى جاھان.

4966 پەلەك يىرتتى كېيگەن قارا كۆڭلەكىن،
كۆتەرىپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن.

ئوخشىتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق
تەسۋىرلەنگەن بۇ مەنزىرە تەسۋىرىنى ئوقۇغاندا، ئادەم-
نىڭ كۆز ئالدىغا كەچكى شەپەق ئاستا - ئاستا خىرەلى-
شىپ، ئاسمان گۈمبىزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، كۈن نۇ-
رى ئۆچۈۋاتقان تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە سۇبھى كۆتۈ-
رۈلۈپ، تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن قۇياش
نۇرى جاھاننى يورۇتۇۋاتقان مەنزىرە سىزىلغان ئىككى
پارچە چىرايلىق سۈرەت نامايەن بولىدۇ.

داستاننىڭ سيۇژېتى ۋە پېرسوناژ تەسۋىرى بىلەن
چەمبەرچەس باغلانغان بۇ مەنزىرە تەسۋىرلىرى پېرسو-
ناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ۋە ئەسەرنىڭ بەدى-
ئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان.

مۇئەللىپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سېلىشتۇرۇش، ئوخ-
شىتىش، جانلاندۇرۇش، بايان، تەسۋىر، لىرىكا قاتارلىق
ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللانغاندا ئىخچام، جانلىق،
ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار خەلق تىلىدىن پايدىلاندى. داستان
تىلىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى-
دىن بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆز-
لىرىنى، خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئىشلەتتى. مەسىلەن:

881 ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلق،
ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.

بۇ بېيىتتە «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن
چىقىدۇ» دېگەن خەلق ماقالى ئىشلىتىلگەن بولسا،

2692 قىزىل تىل — قارا باشقا دۈشمەن يامان.
ئۆنىڭدىن ھەزەر قىل، ياشارسەن ئامان.

دېگەن بۇ بېيىتتە «ئېغىز يۇگۈرۈكى باشقا» (چىقىدۇ) دېگەن تەمسىل ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

4642 تىلەسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېگىن①،
ئېتى «ئازىيە» دېگەن دورىنى يېگىن.

بۇ بېيىتتە «قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى يىغ» دېگەن ماقالدىن پايدىلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

«شېئىر يېزىشمۇ رادىي قازغانغا ئوخشاش، — دەيدۇ شائىر ماياكوۋىسكى، — بىر گرام رادىي قېزىش ئۈچۈن، يىل بويى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شېئىردا بىر سۆزنى جايىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن، نەچچە مىڭ توننا سۆز رودىسى قېزىش كېرەك.»

ئۇلۇغ ئەدىب جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، سۆز كانلىرىنى قېزىپ، چەۋەر غەۋۋاسلاردەك سۆز دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ جاھان مەدەنىيىتىنىڭ بويىنىغا ئۈنچە-مەرۋايىت تاقىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى بولۇشىغا قارىماي، خۇددى ئۆزى يازغاندەك:

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

بولسىمۇ، مەنىۋى ھاياتىنى ئىنسانىيەتكە «بەخت-سائادەت» كەلتۈرۈشكە بېغىشلاپ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئاجايىپ بىر جاھاننامە تىكلەپ بەردى. بىز بۇ جاھاننامە ئارقىلىق ئەمگەكچان، باتۇر ئەجدادلىرىمىزنى كۆرمەكتىمىز!

---

① تېگىن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) شاھزادە.

# «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

## ئابدۇرېھىم سابىت

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆز تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەزمۇنىنىڭ مول ۋە بايلىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ژانىرلارنىڭ بىرى شېئىرىيەتتۇر.

ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى بىلەن يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. چۈنكى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي قاتناش تۈگۈنى ھېسابلانغان يىپەك يول (بۈيۈك كارۋان يولى) بويىدىكى قەش-

قەردە ئەينى دەۋردە ئۈچ خىل دىن بىلەن ئۈچ خىل
مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىر - بىرىگە
تەسىر كۆرسىتىشى قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققى-
ياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ VIII ئەسىر-
دىن XI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا گۈللەنگەن ئەرەب
مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان قارا
خانىلار خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا
تارقىلىش بىلەن ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، گەرچە قەدىم-
دىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئەنئەنى-
لىرىنى بىراقلا يېمىرىپ تاشلىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
مەدەنىيەتنى (قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى) ئىسلام دىنى
ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ رامكىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىنىشقا
ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ قاراخانىلار تېررىتورىيە-
سىدە شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى
ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان ۋە ئۇنى يېڭى تارىخىي دەۋر
شارائىتىدا جارى قىلدۇرۇپ راۋاجلاندۇرغان. تىل
جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ تىل خۇسۇسىيىتىنى تولۇق
گەۋدىلەندۇرگەن، ئەمما ئەرەب - پارس تىلىنىڭ تەسىرى-
گە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچراپ ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە
بېيىتقان، مەزمۇن جەھەتتە ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنى يېتەك-
چى قىلغان ئاساستا ئۆز دەۋرىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان يېڭى بىر مەدەنىيەت
(ئىسلام مەدەنىيىتى)، جۇملىدىن يېڭى بىر شېئىرىيەت

بارلىققا كەلدى. مانا بۇ شېئىرىيەتكە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە (1019 — 1086) ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى، دانىشمەن شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ئارقىلىق ئاساس سالدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» — يالغۇز قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى شېئىرىيەتنى بىر-بىرىگە باغلاپ پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى ئاساسلىق كۆۋرۈك بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچى بىردىن بىر گېنىئال ئەسەردۇر. بىز بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

بىرىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» — ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مول تېما ئىدىيىسى بىلەن تەمىنلىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ھەممىدىن ئاۋۋال گەۋدىلىك بايان قىلىنغىنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت توغرىسىدىكى پىكىرلەردۇر. چۈنكى، شائىر ياشىغان دەۋردە گەرچە ئىلىم-مەرىپەت بىر قەدەر گۈللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور كىتاب ئاخىرىسىدىكى «زامانىنىڭ بۇزۇۋقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» دېگەن بابىدا بايان قىلغىنىدەك، سۈيۈرغاللىق تۈزۈم ۋە ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن

ھاكىمىيەت پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، قائىدە-
نىزام بۇزۇلغان، بىلىملىكلەر خارلىنىپ، جاھىل، نادانلار
تەخت ئىگىلىگەن، ئۇلار ھەدىسە «چايانىدەك چېقىپ،
چىۋىنىدەك شوراپ، ئىتتەت قاۋاپ» خەلققە ئۆزلۈكسىز
زۇلۇم سېلىۋاتقان، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئادەمگەرچىلىك
يوقىلىپ، ۋاپا، مېھرى - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە
ئادەم ئۆز جېنى بىلەن بولۇۋاتقان بىر زامان بولغاچقا،
بۇ زامان بۇزۇقچىلىقى ئاپتورغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسە-
تىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان ئاپتور يۈسۈپ
خاس ھاجىپ زاۋاللىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بۇ دۆلەتنى
ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، بۇزۇلۇۋاتقان جەمئىيەت كەيپىيا-
تىنى تۈزەش، شۇ ئارقىلىق بەخت - سائادەتلىك بىر
جەمئىيەت قۇرۇش ئويىدا بولىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ مەش-
ھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇ غايىلىرىنى بىر - بىر-
لەپ بايان قىلىپ، ئالدى بىلەن دۆلەت ۋە جەمئىيەت-
نىڭ يولباشچىسى بولغان پادىشاھ، ۋەزىر، بەگ، ئەمەل-
دارلاردىن ئادالەتچى، ھەققانىيەتچى بولۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ. ئاپتور ئادالەتنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ:
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت ئىرۇر، 819
ئادىل ئولسا بەگلەر، تىرىكلىك بولۇر.

ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى، 821
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

822 ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئەدىل بىرلە بەگ،
تىلەك - ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

ئارقىدىنلا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەت، ھەققانىيەت مىزانىغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرگەن زالىم ئەمەلدار، بەگ، ۋەزىرلەرنى ئۆتكۈر تىل نەيزىلىرى بىلەن سانجىپ، ئۇلارنى ئادالەت، ھەققانىيەتكە ئۈندەيدۇ:

1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر①.

5469 بۇ بەگلىكنى كۈچەپ ئالمىدىڭ تىلەپ،
خۇدا بەردى پەزلى بىلەن بەلگۈلەپ.

5470 قەدىرلەپ سىينى، بەردى بەگلىك ساڭا،
ئەي ئىلمى كەڭ، قىلغىن سەن شۈكرى بۇڭا.

5471 تۈزەپ دىلنى پاكلاپ، تىۋۇن ھەققە سەن،
ئادالەت ۋە شەپقەتنى قىل خەلققە سەن.

① «ل» ھەرپى ئەرەبچىدە «لام» دەپ ئوقۇلىدۇ. شائىر بۇ يەردە گويا ئىملا قائىدىسى بويىچە «بىلىك» سۆزىنىڭ «بلك» شەكلىدە، «بەگ» سۆزىنىڭ «بك» شەكلىدە يېزىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بلك» سۆزىدىن «ل» نى كەتسە «بك» قالىدۇ، يەنى بەگ ئېتى بىلىم بىلەن باغلىقتۇر، بەگلەر بىلىملىك بولۇشى لازىم، دېمەكچى.

5487 قانۇن تۈز خەلققە، ھوزۇرگەيلسۇن،
ساڭا ياخشىلىققا دۇئالار دېسۇن.

5488 ئېچىپ ئىسلامنى سەن، شەرىئەتنى يىلى،
بولۇپ ياخشى ئۆزۈڭ، ئاتىڭ تارىغاي.

ئادالەت، ھەققانىيەت توغرىسىدىكى بۇ قارىشلار كېيىنكى دەۋرلەردە ھەر قايسى يازغۇچى ـ شائىرلار تەرىپىدىن ئىجادىي داۋاملاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى گۇمانىزملىق روھنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن:

ئەيكى قەۋىي① ئەيلىدى دۆلەت قولۇڭ،
زۇلۇم سىرى چۈشتى ۋە لېكىن يولۇڭ.

زۇلمۇڭ ئەمەس ئىدى خالايىققا كەم،
كىم قىلادۇرسەن ئۇنى ئۆزۈڭگە ھەم.

«ھەيرەتۇل ئەبرار» دىن ئېلىنغان مانا بۇ پارچىدا ئۇلۇغ گۇمانىست شائىر ئەلىشىر ناۋايى پادىشاھلىق ھوقۇق مەرتىۋىسىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان زالىم پادىشاھلارنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئادالەت، ھەققانىيەتكە ئۈندىگەن. بىز بۇ خىل مەزمۇننى يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباـ

① قەۋى — كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك.

تى، موللا ئەلى بىننى ئىمىن ئوغلى، دىلبەر دورغا، موللا باقى، موللا سەئدۇللا، ئابدىرېھىم نىزارى، ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى، سەييىت مۇھەممەت قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز.

ئىلىم ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىش، ئىلىمگە تايىنىش، ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىش «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يەنە بىر ئاساسلىق تېمىدۇر. ئاپتور ئىنسانىيەتنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە بىلىم دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ بىلىمنى ۋە بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇلۇغلايدۇ؛ بىلىمسىز نادان، جاھىللارنى قاتتىق سۆكىدۇ. پادىشاھدىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممىنى بىلىم ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن:

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

260 جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

2447 زىرەك بولسا، مالدىن قىينالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.

985 بىكار سۆز بىلىمسىز تىلىدىن چىقار،
بىلىمسىزنى ئالىملار «ھايۋان» ئاتار.

975 بىلىمسىز كىشى كۆڭلى قۇمدەك ئېرۇر،
دەريا كىرسە تولماس، ئوت ئۆنمەس بولۇر.

1712 بىلىمسىزگە كەلسە گەر دۆلەت ۋە قۇت،
بۇ دۆلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە، پۇت.

262 بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.

263 بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

264 بۇ ھۆرمەت پۈتۈنلەي بىلىمگە ئېرۇر،
ئۇ مەيلى ئىشكتە، يا تۆردە تۇرۇر.

200 بىلىمسىز بىلىملىككە بولدى يېغى،
نادانلار ئالىمغا قارشى ھەر چېغى.

4342 قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن،
تولا پاكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم ھەققىدىكى بۇ قا-

راشلىرىغا كېيىنكى دەۋرلەردە نۇرغۇن يازغۇچى- شائىر-
لار ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىسلامىيەتتىن كې-
يىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلىرىدىن بىرىگە
ئايلاندۇردى. يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن تەخمىنەن
250 يىل كېيىن ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەت بىننى
مەھمۇت يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدا بى-
لىمنىڭ ئەھمىيىتىنى:

بىلىمدىن سالاي دوست سۆزۈم ئۇلىنى،
تۇتۇپ مالىڭ بىلىملىك كىشى قولىنى.
ئېچىلغاي بىلىمدە سائادەت يولى،
بىلىم ئالكى ئاچقىن بەخت يولىنى.

بىلىمدۇر ئالىمنى يۈكسەك كۆتۈرگەن،
بىلمەسلىك كىشىنى يەرگە چۆكۈرگەن.
بىلىمنى زىرىكمەي ئىزدە، ھەق رۇسۇل:
«ئۇ، چىندا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» - دېگەن،

دەپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈر-
سە، XVIII ئەسىرلەردە ياشىغان ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر شا-
ئىرى مەھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى «كۇللىيات
مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق كىتابىدا ئالىملارنى ھۆرمەت-
لەش ھەققىدە تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ھەر كىشى ئالىمغا كۆلپەت قىلمىغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغاي.

ھەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،
ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى① ئالىمى.

ھەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى،
ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلىم ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قاراشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەنە يېڭى مەزمۇنلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ داۋاملىق ئالغا سۈرۈلمەكتە.

ئىككى دۇنيادا سائادەت ئىزلىسەڭ ئۆگەن ئىلىم،
دۇنيادە تاپقانلىرىڭنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىم.
ئىلىمدا تەڭ بولمىغاندىن ھۆرمىتىگە باقمايىن،
يېڭىلىپ قالدى خىزىرنىڭ ئالدىدا مۇسا كىلىم.
دۇنيادا ھۆرمەتلىك بولماقنى ئەگەر قىلساڭ تىلەك،
ئۆگىنىشنى تاشلىما ئاقاردى دەپ «چاچ ـ ساقىلىم».
گەرچە ھەممىدىن ھەزەر قىلماقچى بولساڭ بار، ئوقى.
مەرىپەتلىك بولغان ئادەمنىڭ بولۇر قەلبى سىلىم.
ئىلىم ـ ئېرپان باغچىسىدا يايرىغىن باغۋەن بولۇپ،
ئۆيۈلۈپ غەپلەتتە ئېيتما سەن: «قېتىپ قالدى تىلىم».
سەن بۇ دۇنيادا نادانلىقتىن ھىدايەت تاپمساڭ،
ئاخىرەتتە قۇتقۇزار دەپ ئويلىما جاھۇ مېلىم،
بولما مەغرۇر ئالتە كۈنلۈك دۆلىتىڭگە ئىلىمسىز،

① ماھ — ئاي.

بىر كۈن ئايرىلساڭ بولۇر ھالىڭ سېنىڭ تۇزسىز شىلىم.

مەرھۇم شائىر نىمشېھىدنىڭ «ئىلىم ئۈگەن» ناملىق شېئىرىدىكى يۇقىرىقى مىسرالاردىن ئىلىم ھەققىدىكى قاراشنىڭ يېڭى بىر مەزمۇن بىلەن ئالغا سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

تىل ۋە تىل پەزىلىتى توغرىسىدىكى قاراشمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يەنە بىر يېڭى تېمىدۇر. ئاپتور بۇ تېمىنى گەرچە ئۆزىنىڭ ئەھلى ئەۋلادلىرىغا ھېچقانداق بىر مىراس قالدۇرالمىغانلىقى، ھايات ئىزىدىن پەقەت ياخشى سۆزى بولسىمۇ قالسۇن دەپ بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازغانلىقى نۇقتىدىن ئىزاھلىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور تىل ۋە تىل پەزىلىتى توغرىسىدىكى بۇ مەسىلىنى ئادەملەرنى باھالاشنىڭ زۆرۈر بىر شەرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەمدە «ئادەملەرنى ھۆرمەت، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدىغانمۇ تىل، ئىززەت - ھۆرمەتنى يەكسان قىلىپ، يەرگە ئۇرىدىغانمۇ تىل» دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ، كىشىلەرگە تىلغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى، گۈزەل، پاساھەتلىك سۆزلەشنى، قالايمىقان، كۆپ سۆزلىمەستىن داۋىللىق سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن:

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

162 ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى بىل

163 قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى

167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

169 ئىسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.

173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۈۋەن.

175 پاساھەت① بىلە قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ،
پەسەھ بولسا تىلىڭ، ئۆسەر سەن ئۆزۈڭ.

960 بىلىملىك سۆزىنى ئاڭلا، «ياق» دېمە،
سورىماستىن ئاۋۋال ئۆزۈڭ سۆزلىمە.

962 سورالماي تۇرۇپلا ئاۋۋال سۆزلىسە،
بولۇر توغرا كىم، ئۇنى «ھايۋان» دېسە.

---

① پاساھەت — روشەنلىك، سەنئەتلىك.

987 بىكار سۆزلىسە سۆز زىيانلىق بولۇر،
ئەگەر بىلسە سۆزلەشنى پايدا ئالۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىل ۋە تىل پەزىلىتى توغرىسىدىكى بۇ تېما XIII ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكى تەرىپىدىن قايتا داۋاملاشتۇرۇلغاندىن باشقا، XV ئەسىردە ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى تەرىپىدىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلۇپ، تىلنى «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى ۋە ئاچقۇچىسى، دۇردانىلەرنىڭ دۇردانىسى» يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىلدۇر،
ۋە ئۇل خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى تىلدۇر.

دۇردانىلەر دېگەن سۆزنى ئەپسانە بىل،
جاھان دېڭىزىدا سۆزنى دۇردانە بىل.

ئىنساننى سۆز ئەيلىدى جۇدا ھايۋاندىن،
بىلكىم گەۋھەرى شەرىپراق يوق ئاندىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ تېمىنى مەرھۇم شائىر قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى (1876 — 1937-يىللار) داۋاملاشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراشلىرىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى. قۇتلۇق ھاجىم مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل گەر ئىسە ئامېرىكا ئۇ ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئى ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھىي زېمىندە ئىپتىخار ئەتكۇم كېلۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى ئەدەب - ئەخلاق تېمىسىدۇر. ئاپتور يۇرت، ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى ئادالەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسى قانۇن بولسا، كىشىلىك بەخت - سائادەتنىڭ ئاچقۇچى ئەدەب - ئەخلاقتۇر. قانۇن بىلەن ئەدەب - ئەخلاق دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئاساسىي كۈچ بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئىنسانىيەت بەخت - سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى بىردىن بىر تايانچىدۇر» دەپ تونۇغاچقا، بۇ تېمىنى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كەڭرى ئورۇن بېرىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بۇ تېمىغا ئالاقىدار ھەممە دائىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل يورۇتۇشقا، ھەر بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلغان ئاساستا كەۋدىلىك بايان قىلىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن: ئەدەب - ئەخلاق تېمىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ياخشىلىق. ئاپتور بۇنى بايان قىلغاندا ياخشىلىقنىڭ پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى بول-

غان يامانلىق، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇقنى قاتتىق سۆكۈپ، كىشىلەرنى ئۇ خىل ئىللەتتىن خالى بولۇشقا چاقىرىدۇ.

1636 كىشىلىك دېگىنىم ئېرۇر ئەزگۈلۈك①،
بولۇر ئەزگۈلۈك ئۇ، يېمەك-كيگۈلۈك.

1640 قىرىماس ياخشىلىق، قالۇر شۇ پۈتى،
ئۆزۈندۈر ئۆمرى بەك، بۇزۇلماس ئۈتى.

1639 قىل ئەي سەن ياخشىلىقنى ياخشى كىشى،
قىرىماس ياخشىلىق، مەڭگۇدۇر يېشى.

349 تىلەككە يېتەر ياخشى كۈندە يېڭى،
كۈنگە مىڭ ئارتار يامانىنىڭ مۆڭى.

348 يامان — ئۆمرى قىسقا، ئۆكۈنچتە قېرۇر،
ئۆزۈن ياشلىق، ياخشى ئۆكۈنچىسىز يۈرۈر.

347 قىرىماس ياخشىلار يىل ئۆتكەن بىلەن،
تۈزەلمەس يامان، مىڭ تۈزەتكەن بىلەن.

1297 يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقار ئۇ بولۇپ بىر يىلان.

① ئەزگۈلۈك — ياخشىلىق.

2104 پاسات قايدا بولسا، قاچار بەخت توزۇپ،
پاسات دائىم يۇرەر بەگلىكنى بۇزۇپ.

4412 سائادەتنى تاپقان پاساتتىن قاچار،
هەر ئۆچكەن ئوتنى بۇ پاسات ياندۇرار.

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا، بىل.

4253 هەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سېزەر ئۇ ئاداق.

4255 نە پايدا كىشىگە هەسەت ئەيلىمەك؟
هەسەتخور ئاخىرى كېسەللىك، دېمەك.

دۇرۇسلۇق (توغرىلىق)، هالاللىق، راستچىللىق — «قۇتادغۇ بىلىك» تە يورۇتۇلغان ئەدەب - ئەخلاق تېمىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئاپتور بۇنى ئەگرىلىككە، يالغانچىلىققا، هارامخورلۇققا قارىمۇ قارشى قويغان ئاساستا گەۋدىلەندۇرۇپ، ئىنسانىيەت ئەخلاقىغا يات بولغان ئەگرىلىك، يالغانچىلىق، هارامخورلۇققا ئوخشاش يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ. دۇرۇسلۇق (توغرىلىق)، هالاللىق، راستچىللىققا ئوخشاش ياخشى خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلاپ، كىشىلەرنى بۇ خىل پەزىلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا چاقىرىدۇ. مەسىلەن:

1745 تاپاي ئۇ جاھاننى دېسە قايسى قول،
دۇرۇسلۇق، پۈتۈنلۈك بىلەن يۈرسۈن يول.

1291 كىشىكىم ھوزۇردا كۈن ئۆتسۈن دېسە،
بولۇر توغرىلىقتىن داۋا ئىستىسە.

2756 دۇرۇسلۇق — دەسمايە، نەپئى ياخشىلىق،
بۇنىڭلە تېپىلغاي مەڭگۈ تاتلىقلىق.

2757 دۇرۇس بولسا ئىنسان، كۈنى ئەزگۈدۇر،
كۈنى ياخشى بولسا، قۇتى مەڭگۈدۇر.

2759 كۆڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، قىلىقنى پۈتۈن،
كېلۇر ساڭا دۆلەت بۇ دۇنيا پۈتۈن.

5878 بۇ يالغانچى بىرلە بۇزۇلۇر ئاجۇن①،
دۇرۇس چىن كىشى تۇت، ئى قولى ئۇزۇن.

6094 دۇرۇس سۆزلە سۆزنى تولۇق قىل پۈتۈن،
بولۇر سۆزى يالغان كىشىلەر ئوتۇن②.

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئوساللىق قىلۇر.

---

① ئاجۇن — دۇنيا.
② ئوتۇن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) جاھىل، گۇستاخ، پەس، رەزىل دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

5348 تەقۋادار بولايچۇ دېسەڭ ئامدار،
ھالال يە، ھالالغىلا بول ھەسسدار.

5349 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ھالال يېگەن ئەر،
تەقۋالىق بېشىدۇر ھالال دېگەن گەر؛

5350 ھالال يېگەن ھەققە گۇناھ ئەيلىمەس،
ھالال يە، ئۇنى قىل تائىنا ئۇزۇق، بەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەدەب-ئەخلاق بابىدا يەنە قانائەتچانلىق، سەۋرلىك، كەمتەرلىك، ھوشيارلىق، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق قاتارلىق تېمىلاردىمۇ ئالاھىدە توختىلىپ، بۇلارنىڭ ئىنسانىيەت ئەخلاقىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم پەزىلەتلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، تاماخورلۇق، مەغرۇرلۇققا ئوخشاش ئىللەتلەرنىڭ كىشىلەرنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدىغان يامان قىلىق ئىكەنلىكىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن؛

كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق ھەققىدە؛

2232 سۆيۈلدى ئەل ئىچرە كىچىك دىل كىشى،
سۆيۈلمەس تەكەببۇر، يىرىك دىل كىشى.

2233 كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۇرەر كۆپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق ھامان.

تەكەببۇرلۇقلە كۆككە چىقماس كىشى، 2119
كىچىك دىل بولۇشلە بۇزۇلماس ئىشى.

غۇرۇرلانما ئارتۇق لاۋزا بولۇرسەن، 4553
بېخىل بولما ئارتۇق، تىلگە قالۇرسەن.

شۇكرى قانائەت، سەۋرلىك ھەققىدە:

شۇكۇر قىلسا، نېمەت بىرى ئون بولۇر، 759
بىرى ئون بولۇپ ھەم ئۆي مالغا تولۇر.

يەپىلسا بۇ دۆلەت ئىشكى ئەگەر، 1321
سەۋرى قىلسا، ئىشلار يەنە تۈزىلەر.

سەۋرى قىل، سەۋرى — ئەركىشى قىلىقى ئول، 1322
تاپۇر سەۋرىلە ئەر مىسال كۆككە يول.

سەۋرى قىلساڭ مىھنەت بولۇر نېمىتىڭ، 6450
بولۇر نېمەت ئارتۇق، شۇكۇر قىلسا بىل.

كۆيۈمچانلىق ھەققىدە:

كىشلەر خىلىدۇر پايدىلىق كىشى، 6102
خەلقىنىڭ ئۇلۇغى كۆيۈملۈك كىشى.

كىشىلىك دېگەن ئات ئىككى نەرسەدۇر، 6103
كۆيۈمچان بولۇش ھەم سېخىيلىق ئېرۇر.

2768 كىشىنىڭ خىلى ئۇ كۆيۈمچان كىشى،
كۆيۈمچاننى چىڭ تۇت، ئەي ئوبدان كىشى.

بېخىللىق ھەققىدە:

6105 سېخىي دەپ ئاتارلەر، كىمدۇر ئول سېخىي؟
سېخىي جان پىدالاپ، ئۆتەر ئەر ھەققى.

6106 سېخىيلىق ئەمەستۇر تاراتماق كۈمۈش.
سېخىيلىق — خەلققە جان پىدا بولۇش.

257 چىقاردى ياخشى ئات، ئاتاندى سېخىي،
سېخىي ئۆلسە، ئېتىن تىرىك بىل تېخى

تاماخورلۇق ھەققىدە:

2613 ھېرىستۇر تاماخور، تاماخور يامان،
تاماخور ئاتالغاي قەلەندەر ھامان.

2724 تاماگەر قۇل ئېرۇر، گەر بولسىمۇ خان،
بولۇر پەس تاماگەر كىشى ھەر قاچان.

2616 كىمكى تاماغا بولسا ئەسىر - قۇل،
قۇتۇلغاي ئۇنىڭدىن ئۆلۈم بىلە ئول.

ئاچكۆزلۈك ھەققىدە:

2001 بولۇر تويمىغۇر ئول كۆزى ئاچ كىشى،
كۆزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئىشى.

2004 كۆزى ئاچ كىشلەر بولماس مالغا باي،
پۈتۈن بولسا دۇنيا ئۇنىڭ، ئۇ گاداي.

2002 بۇ ئاچ كۆزلۈك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېكىم چارە تاپالماس بۇڭا.

5384 قاراپ كۆرسە ھەممە ھېرىسلىق ئېرۇر،
بۇ ئاچ كۆز كىشلەر قاچانمۇ تويۇر؟!

2003 پۈتۈن ئاچ يېسە، ئىچسە ئاخىر تويار،
كۆزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار.

بېخىللىق ھەققىدە:

1672 بېخىللىقتىن ئۆزگە يامان نېمە بار؟
يېمەستىن يىغار مال، كېيىن مال قالار.

1673 بېخىل ئۆزرە بىلىم ئەدەر بۇلى ئۇق،
ئەي بەختسىز، بىچارە، ئەي قولى يۇمۇق.

1674 يىغىش بىلدىڭ ئالتۇن، يېيىش بىلمىدىڭ،
يىغىپ ئالتۇن ئەلگە نېچۈن بەرمىدىڭ؟

1675 يىغىپ دۇنيانى ئەي يېمىگەن كىشى،
يېگۈچى تەييار دۇر، تەييارلا ئىشى.

ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك، تەلتەكلىك ھەققىدە

1998 ئالدىراپ قىلغان ئىش كۆپ ئاچچىق بولۇر،
ئالدىراپ يېسە ئاش ئۇ، ئاغرىق بولۇر.

5217 ئالدىراپ قىلما ئىش، مەگەر دىن ئىشى،
ئاپالماس پايدىنى ئالدىراپ كىشى.

5219 ھولۇقما سۆز-ھەركەتتە، بولما يېنىك،
ھېلىم دەپ ئاتىلۇر ھەر بىر سەۋىرلىك.

334 قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەبلەنسە ئادەم ئەقىلدىن قالۇر.

1999 پۈتۈن ئىشتا بېسىق بول، شۇنى تاللىۋال،
مەگەر كىم ئىبادەت يۈگۈر، بولما گال.

ئومۇمەن ئېيتقاندا «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى، ئەدەپ-ئەخلاققا دائىر مانا بۇ مەزمۇنلار ئەينى دەۋردە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن تارتىپ، ئاددىي پۇقرالارغىچە مەلۇم ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەخلاقىي پەزىلىتىنى تۈزىتىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتىغىمۇ بۇ جەھەتتە مەلۇم ئاساس سالدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان نۇرغۇن يازغۇچى-شائىرلار «قۇتاد-

غۇ بىلىك» تىكى بۇ مەزمۇنلارنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا ئەدەب - ئەخلاق تېمىسىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ھەر قايسى دەۋردىكى جەمئىيەت ئەخلاقىدا يۈز بەرگەن ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنى تۈزىتىشتە مەلۇم رول ئوينىدى. مەسىلەن:

ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا ئەلشىر ناۋايى:

ھەر كىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ - ئىتىبار①،
كىم ئۇنىڭ زاتىدە بىدا دۇسەتەم ② بولغاي قىلىق.
ياخشىلىق گەر قىلماسا، بارى يامانلىق قىلماسۇن،
كىم يامانلىق قىلماسا، قىلغانچە بار ئۇ ياخشىلىق.

دەپ يازسا؛ كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە XVIII ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك شائىر مەھزۇن خوتەنى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تۆكمەسۇن دىبسەڭ باشىمغە چەرىخ ③ خوناب ④ ياشىنى،
بولغان تاغ ياڭلىغ ئۆزۈڭنى يەر بىلەن ھەمۋار ⑤ تۇت.
ئىستەسەڭ ئالەم غېمىدىن بىر يولى بولماق خالاس،
تاشلاغىل ئۆزلۈكنى ⑥ مەسكەن ⑦ كۆلبەئى⑧خۇمار تۇت.

---

① جاھۇ - ئىتىبار — مەنسەپ ۋە ئورۇن.
② دۇسەتەم — كۆپ زۇلۇم.
③ چەرىخ — پەلەك، ئاسمان.
④ خوناب — قانلىق.
⑤ ھەمۋار — تەكشى - باراۋەر.
⑥ ئۆزلۈك — مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق، ماكاۋۇرلۇق.
⑦ مەسكەن — ماكان، جاي.
⑧ كۆلبە — ئۆي.

سېخىيلىق ھەققىدە XIX ئەسىردە (1862 — 1917)
ياشىغان كۇچارلىق شائىر موللا باقى ئۆز شاگىرتى مول-
لا بايىز قارىغا خىتاب قىلىش يولى بىلەن:

«موللا بايىز قارى ساڭا بىر نەچچە سۆز باردۇر تېخى،
مېھمان كېلۇر ئۆيۈڭگە بىخالىس بولما تېخى.
مېھمانغا مىزبان① قوي ئۆلتۈرۈپ بولغاي سېخىي،
مۇتتەقى② ئاشنى يە، ئاشىڭنى يېسۇن مۇتتەقى.
ھېچقاچان بولماس مۇناسىپ ئەھلى سەئىد③ بىرلە شەقى④.

دەپ يازسا؛ راستچىللىق، ھالاللىقنى XVIII
ئەسىردە ياشىغان ئاقسۇلۇق شائىر مۇھەممەت بىننى
ئابدۇللا خاراباتى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق
ئەسىردە مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

راستچىللىق — ياخشىلىق ئالامىتىدۇر،
راستچىللىق — ئەرلىك كارامىتىدۇر.

كىم ھالالخور بولسا تائەتلەر قىلۇر،
كىم ھارامخور بولسا كاساپەتلەر قىلۇر.

كىم ھالالنى ئىستەسە رەھمەت قىلۇر،
كىم ھارامنى ئىستەسە لەنەت قىلۇر.

مەنپەئەت قىلماس ھارامخور تائىبتى،
دەمھەدەم لەنەت ياغار ھەر سائەتى.

---

① مىزبان — ساھىبخان.
② مۇتتەقى — تەقۋادار.
③ ئەھلى سەئىد — پەيغەمبەر ئەۋلادى.
④ شەقى — يامان ئادەم، دوزاققا سازاۋەر بولغۇچى.

مۇشيارلىق ھەققىدە مەزمۇن خوتەنى:

ھەزەر قىل بولما غاپىل ئەي سولايمانى زامان ھەردەم،
بولۇپ ئالدىڭدا گەرخەسىم① ئۇلسام مورى ناتاۋان② پەيدا.

دەپ يېزىپ، دۈشمەننى ئاددىي، سەل چاغلىماسلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاگاھلاندۇرسا؛ توغرىلىق، خالىسلىقنى XVII ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىق شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى «مۇھەببەتنامە مىھنەتكام» ناملىق داستانىدا مۇنداق دەپ مەدھىيىلەيدۇ:

كىشى ھەق ئىشقا باغلاسا نىيەتنى،
كۆرۈر ئانىڭ ئاخىر خاسىيەتنى.

قانائەت ھەققىدە XIX ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىق شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى:

ئىززەت تىلىسەڭ ئەيلە قانائەت، تەمە،

مەسىندى ئىززەت ئۆززەدۇر«مەن قەلە».

دەپ يازسا؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە تاماخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلمەسلىك توغرىسىدا XVIII ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك شائىر موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى كىشىلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ:

كىشى مالىغە كۆڭۈلنى باغلىما،
مىننەت ئوتىدا كۆڭۈلنى داغلىما.

---

① خەسىم — دۈشمەن.
② مورى ناتاۋان — ئاجىز چۈمۈلە.

XVII ئەسىردە ياشىغان يەكەنلىك شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ئەگرىلىكنى چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلى بىلەن:

ئەگرى يۈرگەن سەبەبىدىن يىلان،
خەلق كۆزىدىن قاچادۇر بەدگۇمان.

ئەگرىلىكىدىن چىمەن ئىچرە تىكەن،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئۆزرە ۋەتەن.

دەپ يېزىپ قاتتىق تەنقىد قىلسا؛ پىتنىخورلۇقنى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى مۇنداق دەپ سۆكىدۇ:

پىتنە قىلماق خۇن ناھەقتىن يامان،
پىتنىچى بولماس جەھەننەمدىن ئامان.

خۇن ناھەق پىتنىدىن پەيدا بولۇر،
پىتنىدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.

ئۇشبۇ ئالەم پىتنىدىن بولغاي خاراب،
پىتنىدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئازاب.

پىتنىدىن بولغىل يىراق ئەي خاس ئام،
پىتنىچىغە قىلدى جەننەتنى ھارام.

پىتنىچى ئىككى جاھاندا خارىدۇر،
پىتنىچىلەردىن خۇدا بىزارىدۇر.

XIX ئەسىردە ياشىغان شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ «غەزەلىيات» كىتابىدا نادانلىقنى؛

نادان بىلەن دوست بولما ۋىجدانى يوقتۇر،
پولى كەلسە دوست ساتۇر، ئىمانى يوقتۇر.

نادانلارنىڭ دائىما پىكرى بۇزۇقتۇر،
قىلار ئىشى ھەمىشە كاززاپچىلىقتۇر.

دەپ، راسا كىبلىشتۇرۇپ قامچىلىسا؛ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان يېڭىسارلىق شائىر ساۋىراخۇن خەلپىتىم (ناقىس) ئاچكۆزلۈكنى مۇنداق سۆكىدۇ:

ئۆزىكى گۈلدەك رەئنا كۆرۈنگەي،
ئەللامەلەردىن ① دانا كۆرۈنگەي،
قۇشقاچ كۆزىگە ئەنقاھ كۆرۈنگەي،
مىس پۇل كۆزىگە تىللا كۆرۈنگەي،
خۇرشىدە يەڭلىغ ئالدىدا بىر نان.

ئۆزىنى چاغلار قارۇن كەبى باي،
بىر پۇل يوق ئەتسە كۆڭلىدە يۈز ۋاي،
مېھماننى كۆرسە بوي تاسمە ماڭلاي،
بەرسە كىشىگە بىر كاسەئى چاي،
ئەيلەپ پۇشايمان قۇسقاي قىزىل قان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئەدەب - ئەخلاققا دائىر مەزمۇنلارغا يالغۇز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى شائىر-

① ئەللامە — ئالىم، دوكتۇر.

لارلا ئەمەس. شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىـ
ياتىدىكى شائىرلىرىمىزمۇ ۋارىسلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇـ
رۇپ، ئۇنى ياش ئەۋلادلارنى كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن
تەربىيىلەشنىڭ كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندۇرماقتا.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە يەنە تەلىم ـ تەربىيە مەسىلـ
سىگە ئۇقتىلىق يۇرۇتۇلغان بولۇپ، ئاپتور بۇنى مۇنداق
ئىككى جەھەتتىن شەرھلەيدۇ: بىرى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ
ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە ئىمىلەرگە دىققەت
قىلىشنىڭ لازىملىقى؛ يەنە بىرى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتاـ
ئانىسىنى رازى قىلىشتا قانداق بۇرچلىرىنىڭ بارلىقى.
مەسىلەن:

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

1164 ئوغۇل ـ قىز غېمى بۇ — تۆۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل ـ قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز.

1223 كىمىنىڭكى بولۇرئەركە ئوغلى ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

1225 ئوغۇل ـ قىز خۇيى ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

1228 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت پەزىلەت، بىلىم،
پەزىلەتلە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

مانا بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەر-
بىيىلەش جەھەتتە ئاتا-ئانىلارغا قويغان جىددىي تەلىپىدۇر.
ئۇ يەنە ئۆز كىتابىدا ئاتا-ئانا، ئۇستازلارنىڭ ھەققىنى
بايان قىلىپ، پەرزەنتلەردىن بۇ ھەققىنى تونۇشنى
ۋە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەسىلەن:

1387 تۆرەلگەندە ئوغۇل ئاتا پۈشتىدىن،
ئىچە ئايى ئاپار ئىچ جاي ئانا قارنىدىن.

1388 ئانادىن تۇغۇلغاندا قويسا ئىتىن،
يولۇچى بولۇپ ئو مىنەر ۋاقت ئىتىن.

1568 ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،
كۆنۈك قۇتلۇق بولۇر كۆنسايىن تاتتىق.

1569 خىزمەتلە خۇش قىلساڭ ئاتا-ئانانى،
تاپارسەن تۆمەن مىڭ كۆپ پايدا-ئاسىغ①.

تەلىم-تەربىيە توغرىسىدىكى بۇ ئىدىيە باشقا
ئىملارغا ئوخشاش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناۋايى، خاراباتى،
موللا يۈسۈپ ئىبنى خوتەنى، موللا مۇسا سايرامى
قاتارلىقلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ، بىر ئەنئەنىۋى
ئىمغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن: موللا بىلال ئىبنى يۈ-
سۈپ خوتەنى بالا تەربىيىسى ھەققىدە ئاتا-ئانىلارغا:

① ئاسىغ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) پايدا، مەنپەئەت.

ئەھلى ئەۋلادىڭغا ئۆگەت ئىلمدىن.

ئىستىمام① ئەيلەپ مۇئەددەپ② قىل يېقىن.

ئات مىنەردە بولغا سەن چابۇكسۇار③.

ھەم ئۇق ئاتماقلىقنى ئۆرگەت زىنھار.

دەپ تەلەپ قويسا؛ XIX ئەسىردە ياشىغان سايراملىق تارىخچى ئەدىب موللا مۇسا سايرامى ئاتا- ئانىلارنىڭ ھەققىنى مۇنداق دەپ تونۇتىدۇ:

جاھاندا كىم كىشىنىڭ بالاسى يوق.

بالا پەرزەندى يوقـقە ھەم سۆزۈم يوق.

ھەمـمە پەرزەندى بارلار ماڭا ياردۇر.

لېكىن بالانىڭ كۆپ غېمى باردۇر.

باقارلار بىر ئاتا نەچچە بالانى.

باقالماس نەچچە پەرزەنت بىر ئاتانى.

ئاتا بىرلە ئانادەك تۇغقان تېپىلماس.

تىرىلغان بىرلا يەرگە ھەرگىز ئۈنمەس.

ئاتا بىرلە ئانانىڭ قەدرى يوقتۇر.

بۇلارنىڭ قەدرىنى بىلگەندە يوقتۇر.

قەدىمدىن ئادەم ئوغلى پەھلى بۇدۇر.

ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەي كېلىپتۇر.

---

① ئىستىمام — (ئەرەبچە) تىرىشىش، ئەھمىيەت بېرىش، دىققەت قىلىش.

② مۇئەددەپ — (ئەرەبچە) ئەدەبلىك، تەربىيە كۆرگەن.

③ چابۇكسۇار — (ئەرەبچە) چەۋەنداز، ئاتنى ئۇستىلىق بىلەن باشقۇرغۇچى.

ئىشچى- دېھقانلار مەسىلىسى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يەنە بىر ئاساسلىق تېما بولۇپ، ئاپتور بۇ تېمىنى فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلىنىدىغان ئىشچى- دېھقانلارغا ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ مۇكەممەل يورۇتىدۇ. ئىشچى- دېھقانلارنى تۈنجى قېتىم تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئىشچى- دېھقانلارنى «بايلىق ياراتقۇچىلار»، «ھاياتلىقنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار» سۈپىتىدە قاراپ قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە ئىشچى- دېھقانلارنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارنىڭ قەدىر- قىممىتىنى چۈشىنىشكە دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

4400 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ دېھقانلار ئېرۇر،
بۇلار بەك كېرەكلىك كىشىلەر تۇرۇر.

4402 پۈتۈن جانى بارغا بېرۇر پايدىنى،
تاپار ھەممە ئاندىن يېمەك تەمنى.

4403 پۈتۈن جانى بار ھېچ بولۇر ھەم تويۇر،
تىرىك بولسىلا ئۇڭا مۇھتاج ئېرۇر.

4416 بۇ دېھقان كىشىلەر بولۇر قولى كەڭ،
خۇدا بەرگىنىدىن تۇتار دىلىنى كەڭ.

4404 ساڭا ھەم، شۇبھە يوق، كېرەك بۇ كىشى،
پۈتەر كىم، ئۇنىڭلە كېلىڭنىڭ ئىشى.

4405 ئاشۇلار بىلەن ھەم قوشۇل ئى قاياش،
كېلىڭ پاك بولۇپ ھەم ھالال بولغاي ئاش.

مانا بۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دېھقانلار ھەققىدە-
ىكى ئاساسي كۆز قارىشىدۇر. ئىشچى تەبىقىسىنىڭ دە-
لەپكى ئۇلى بولغان ھۈنەرۋەن، كاسىپلار ھەققىدىمۇ يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ:

4456 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ھۈنەرۋەن ئېرۇر،
تىرىكلىك يولىدا ھۈنەرلەر قىلۇر.

4457 كېرەكلىك كىشىلەر يەنە بۇ ساڭا،
بىرۇر پايدا يىگىت، يېقىن بول ئۇڭا.

4458 تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى، يەنە تېرىچى،
يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى، ياچى.

4459 بۇ دۇنيا زىننەتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

ئىشچى — دېھقانلار تېمىسىنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ-
تىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قايتا كۆتۈرۈپ چىققان

كىشى ئەلىشىر ناۋايى بولدى. ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»، «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىشچى - دېھقانلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەندىن باشقا. «پەرھاد - شىرىن» داستانىدا پەرھاد ئوبرازى ئارقىلىق ھۈنەر - ئەمگەكنىڭ خاسىيىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. ئۇندىن كېيىن بۇ تېمىنى XVII ئەسىردە ياشىغان شائىرلاردىن خىرقىتى، تۇردۇش ئاخۇن (غېرىبى)، سەبۇرى، موللامۇسا سايرامى. ناقىس قاتارلىقلار داۋاملاشتۇرۇپ تېخىمۇ بېيىتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. مەسىلەن:

تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى «كىتابى غېرىب» ئەسىرىدە دېھقانلار ھەققىدە:

بۇ دېھقاندا كۆپ خاسىيەت باردۇر،
جاھان مۈلكىدە پەزلى ئىزھاردۇر،

جاھان خەلقى دېھقانغە مۇھتاج ئولۇپ،
ئەگەر بەرسە توق، بەرمىسە ئاچ ئولۇپ،
بۇ دېھقانچىلىق كەسپى ئەئلادۇر،
كى ئاندىن بۆلەك بارچە ئەدنادۇر.

دەپ يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بەرسە، ھۈنەرۋەنلەرنى مۇنداق دەپ مەدھىيىلەيدۇ:

تۆمۈرچى بىلەن پۈتتى كارىڭ سېنىڭ،
كى ھەددار ھەر ئىشدا يارىڭ سېنىڭ.

كى ئەنجۈرلىرىڭغا ياسايمىز ئۇراق.
ھەممە ھاجىتىڭغا ياسايمىز پىچاق.

يەنە ئەيلەدۇك سىزگە تىشە تەبەر.
بۇ ئەسباب بىلە ئەيلەدىڭلار ھۈنەر.

چۇ كەتمەن ياسايمىزكى يەر چاپسەن.
كى تۇپراقنى يەنجىپ ئۇرۇق چاچسەن.

كى بۇ كەسپىمىز ئەلگە لازىمدۇرۇر.
جاھان خەلقى بىزگە مۇلازىمدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشچى - دېھقانلار تېمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغان مېھنەتكەشلەرنىڭ خۇشاللىقى، باياشاتلىقىنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلمەكتە.

دېمەك، يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلاردىن شۇنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ـــ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مول تېمىلار بىلەن تەمىنلىگەن بىردىن بىر ئاساسىي مەنبە بولۇپ، بۇ مەنبە كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر پىكىرلىك، تەپەككۇرى ئىنتايىن يۇقىرى، يىراقنى كۆرۈپ ئەترابلىق مۇلاھىزە قىلالايدىغان دانا بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» — ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە خىلمۇ خىل شېئىرىي تۈر ۋە شېئىرىي شەكىللىرى بىلەن كۈچلۈك ئاساس سالدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، «قۇتادغۇ بىلىك» 13 مىڭ 290 مىسرالىق چوڭ ھەجىمدىكى بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم ئېپىك تۈرمۇ بار، ھەم لىرىك تۈرمۇ بار. ئاپتور ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، بەخت - سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى غايىسىنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى، بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى ئايتولدى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، قانائەتنىڭ سىمۋولى ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت پېرسوناژنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ھايات پەلسەپىسى ۋە پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. داستاندا بىر - بىرىگە باغلىق بولغان كونكرېت ۋەقەلىكلەرنىڭ بولۇشى، شۇنداقلا خاراكتېر جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى — مانا بۇ داستاندىكى ئېپىك تۈرنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئاپتور ئۆز داستانىدا ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان قاراشلىرى، تەسىرات، چۈشەنچىلىرىنى يەنە لىرىك تۈر شەكلى بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن. ئاپتور قوللانغان لىرىك تۈر شەكلى تۆۋەندىكىچە:

1. قەسىدە: ھايات تارىخىمىزدا ئۆتكەن ۋەتەن قەھرىمانلىرىنى، خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان باھادىرلارنى، داھىلارنى، مەشھۇر كىشىلەرنى، ئانا تۇپراقنى،

خەلق ئاممىسىنى مەدھىيلەش، ماختاش ئاساس قىلىنغان لىرىك شېئىرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ تۈر قەدىمكى زاماندىلا بارلىققا كەلگەن. ئۇلۇغ پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا خەلق ئېغىز شېئىرىيىتىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئۇنى بېيىتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ يازما ئەدەبىياتتا قەسىدىگە تۇنجى قېتىم ئاساس سالدى. «ھەممىدىن ئېزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى». «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى». «تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى». «پارلاق باھار ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى» — مانا بۇ كىتابتىكى قەسىدىنىڭ بىردىن بىر مىساللىرىدۇر.

2. مەرسىيە: داھىلار، خەلق قەھرىمانلىرى. ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە، ماتەم بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يېزىلىدىغان، قايغۇ ـ ھەسرەت، ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىدىغان بىر خىل لىرىك شېئىردۇر. بۇ شېئىر مۇ قەدىمكى زاماندىكى دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئاساسەن خەلق ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ قەدىمكى ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە مەرسىيېنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ، مەرسىيەدىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي تۈرنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. شۇندىن باشلاپ مەرسىيە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئاساسلىق تۈرلەردىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. كىتاب ئاخىرىدىكى «قۇمارۇنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى»، «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى»، «ئېلىگنىڭ ئۆگ

دۆلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى» — مەرسىيەنىڭ يازما ئەدە-
بىياتىمىزدىكى تۈنجى شەكلى ۋە دەسلەپكى ئۈلگىسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. تەبىئەت لىرىكىسى: تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شائىرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا قارىتا پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل لىرىك تۈر بولۇپ، ئۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئەنئەنىۋى بايرىمى «نورۇز» غا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدە بولىدىغان نورۇز بايرىمىدا ئەتراپىدىكى يېشىللىقلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىراتقا چۆمۈپ، بۇ تەسىراتنى شېئىر-قوشاق شەكلى بىلەن ئىپادە قىلىشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ئارىسىدىكى مانا بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا «قۇتادغۇ بىلىك» تە تەبىئەت مەنزىرىسىنى پېرسوناژلارنىڭ ھالىتى، روھىي كەيپىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق تەبىئەت لىرىكىسىنىڭ تۈنجى ئۈلگىسىنى ياراتتى.

مەسىلەن:

5825 قۇياش يەشتى بولغاي ئۆرۈكلۈك چېچى،
قاما، قۇندۇز رەڭ ئالدى دۇنيا ئىچى.

5824 پەلەك تۇل تونىن كېيدى باغلاپ بېلىن،
چېچىنى يېيىپ، ياپتى يورۇق يۈزىن.

5826 تۆشەك سالدۇردى، ياتتى بىر ئاز سوزۇلۇپ،
شىرىن ئۇخلىدى خېلى ۋاقىت تىنچلىنىپ.

5827 ئويغاندى، قاراپ كۆردى كۆتۈرۈپ بېشىن،
كۆرسەتتى پەلەك قىز كۆلەردەك چىشىن.

5828 قۇياش باش كۆتۈردى يۈز ئاچتى يېڭى،
جاھان ئالدى ھەرياندا ئاق قۇش رەڭگى.

مانا بۇ مەنزىرە تەسۋىرىدە قۇياشنىڭ ئاخشىمى پېتىپ، تا ئەتىسى يەنە كۆتۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھالىتى ناھايىتى چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، بۇنداق گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ناھايىتى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى شېئىريى شەكىللەر مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھازىرغىچە بەزى تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇ بىلىك» نى كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان دەپ قارىغاندىن باشقا، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى شەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىنى ئارقىغا سۈزۈپ، ناۋايى،لۇتپى، سەككاكىلارغا باغلاپ قويماقتا. بىراق «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بەزى ئەمەلىيەت بۇ كىتابنىڭ ئاساسى قىسمى گەرچە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەم-

ما ئۇلۇغدا يەنە باشقا شەكىللەرنىڭمۇ بارلىقى. بۇ شەكىل-
لەرگە ئەڭ دەسلەپ ناۋايى، لۇتپى، سەككاكىلار ئەمەس، بەلكى
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاساس سالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.
بۇ شەكىللەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. غەزەل شەكلى: دەسلەپكى بېيىتنىڭ ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش، كېيىنكى بېيىتلەرنىڭ بولسا، ئىككىنچى مىسرا-سى ئالدىنقى بىرىنچى بېيىتكە قاپىيىداش بولۇپ كەلگەن بىرخىل كلاسسىك شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇ لىرىكىلىق ھېسسىياتنا يېزىلىشى ۋە بېيىت سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاق بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى بىلەن باشقا شەكىللەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بىز مانا بۇخىل شېئىرىي شەكىلنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم «قۇتادغۇ-بىلىك» تە ئۇچرىتىمىز. كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدىكى 1-، 2-، 3- ئىلاۋە، يەنى «يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلار-نىڭ جاپاسى توغرىسىدا»، «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتى» دېگەن بابلار پۈتۈن-لەي غەزەل شەكلىدە يېزىلغان.

مەسىلەن:

6565 قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئېرۈركىم، تاپاي مەن،

6566 كىشى قىسلىقى بولدى، ئىستەي قەيەردىن؟
تىلەپ تاپقالى بولسا ئىستەپ كۆرەي مەن.

6567 جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇنى تاپسام، يۈزىگە باقاي مەن.

2. رۇبائىي: ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولسۇن، بىر قەدەر كۆپرەك ئۇمۇملاشقان بىر خىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان بىر پەلسەپۋى ئوي - پىكىرنى تۆت مىسرا ئىچىگە سىغدۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا شەكىللەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ شەكىلدە شېئىر يېزىپ زور شۆھرەت قازانغان ھەمدە رۇبائىيچىلىقنىڭ ئاتىسى دەپ نام ئالغان كىشى گەرچە XI ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام (1048 — 1122-يىللار) بولسىمۇ، ئەمما «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان دەۋر (مىلادى 1069—1070 - يىللار) بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېخى ئۆمەر ھەييام قولىغا قەلەم ئېلىشنى خىيالىمۇ قىلىپ باقماستىن، مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا سىرتلاردا تەمتىرەپ يۈرگەندە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ شەكىلدە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يېزىپ «قۇتادغۇ بىلىك»كە قىستۇرغانلىقى ھەممىزگە مەلۇمدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رۇبائىيچىلىقنىلا ئەمەس، شۇنداقلا شەرق مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى رۇبائىيچىلىققا ئاساس سالغۇچى بىردىن بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

2041 تىلى يالغان ئەرنىڭ جاپا قىلقى ئول،
جاپا كىمدە بولسا ئېرۇر يىلقى ئول.

(2042) تەلەپ قىلما ۋاپا يالغانچىلاردىن،
بۇ سۆزلەر سىنالغان ئۆزۈن يىللىق ئول.

ياكى:

3480 كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، كۆز ئالدىدا شۇ،
كۆزى نەگە باقسا، نىگاھىدا شۇ.

(3481) كۆڭۈلدە نە ئولسا ئارزۇ ۋە تىلەك،
ئېغىز ئاچقان هامان بولۇر تىلدا شۇ.

«يالغانچىلىقنىڭ خاراكتېرى ۋاپاسىزلىق ۋە جاپاكەشلىكتۇر»، «كۆڭۈلنىڭ ئىزهارى كۆز بىلەن تىلدۇر»— دېگەن چوڭقۇر پەلسەپىلىك ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن مانا بۇ ئىككى پارچە رۇبائىيدىن رۇبائىي شەكلىنىڭ مەنا جەھەتتىن مۇستەقىللىق ۋە پۈتۈنلۈك، تىل ئۇسلۇبى جەھەتتىن پىششىقلىق ھەم ئىخچاملىق، شەكىل جەھەتتىن تۆتلۈك، قاپىيە جەھەتتىن شەكىلداش، يەنى *aaba* بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

3. تۇيۇق (مۇختەمىلات): ئادەتتە تۆت مىسرادىن① تۈزۈلگەن، مەنا جەھەتتىن پۈتۈنلۈك ۋە مۇستەقىللىككە ئىگە، ئۇمۇنىم سۆزلەر (شەكلى بىر خىل، مە-

① تۇيۇق بەزىدە ئىككى مىسرادىنمۇ تۈزۈلىدۇ. ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن شەكلى «تەجنىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

نىسى باشقا - باشقا) بىلەن قاپىيەلەنگەن بىر خىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، يازما ئەدەبىياتىمىزدا بۇ شەكىلدە تۇنجى قېتىم شېئىر يازغان كىشىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» تە بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنى خېلى كۆپ جايدا ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

1993 ئەگەر كىمدە بولسا ئاڭ - ئىدرەك ۋە ئۆگ،
ئۇنى ئەر ساناپ سەن قانچە ئوگسەڭ ئۆگ.

(1994) ئەقىل، ئاڭ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق،
يامان بولسا خوپ دەپ، كىچىك بولسا ئۆگ.

مانا بۇ شېئىردىكى «ئۆگ» سۆزى بىرىنچى مىسرادا «پاراسەت»، ئىككىنچى مىسرادا «ماختاش، مەدھىيەلەش»، ئۈچىنچى مىسرادا «چوڭ، ئۇلۇغ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

1388 ئانادىن تۇغۇلغاندا قويسا ئېتىن،
يولۇچى بولۇپ ئۇ مىنەر ۋاقت ئېتىن

مانا بۇ تۇيۇقتىمۇ «ئات» سۆزى ھەم ئادەمنىڭ ئېتى، ھەم مىندىغان ئات مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆز تالانتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قوللىنىلىۋاتقان خېلى بىر قىسىم شېئىرىي

تۆر ۋە شېئىرىي شەكىللەر ئەسلىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۈلگە قىلغان ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرىي تۆر ۋە شەكىللەرگە ئاساس سالغۇچى ھەمدە ئۇنى يازما ئەدەبىياتىمىزغا تۇنجى قېتىم ئېلىپ كىرگۈچى كىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. مانا بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى؛ «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقۇچى بىردىن بىر يېگانە ئەسەر دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقمىز. بىز يەنە شۇ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ گېنىئال ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئەبەدىي پەخىرلىنىمىز.

# يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مازىرى هەققىدە

## مۇهەممەت زۇنۇن سىدىق

### 1

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە هۆكۈم سۈرگەن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇهىم رول ئوينىغان قاراخانىلار سۇلالىسى XI ئەسىرگە كەلگەندە مۇقىم، زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەردە «مەدرىسەئى ساجىيە» دەك ئۆز زامانىنىڭ داڭلىق ئىنستىتۇتلىرى، كۇتۇپخانىلار ۋە باشقا مەدەنىيەت ئوچاقلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا نۇرغۇن ئالىملار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، تىلشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا چوڭ تۆهپە بولۇپ قوشۇلدى. ئەنە شۇ چوڭ تۆهپىلەرنىڭ بىرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك

مۇتەپەككۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى ۋە بۈيۈك پەيلاسوپ سۈپىتى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇر.

مەرىپەتسۆيەر ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك پەخىرلىك پەرزەنتلىرىنى ئەزەلدىن ئۇنۇتمىدى. تۈرلۈك ئۇسۇل، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئەسلىدى. قەبرىلىرىنى بىنا قىلىپ، ئەڭ نەپىس ھۈنەر-سەنئەتلىرى بىلەن بېزىدى، يەر-زېمىنلىرىنى بېغىشلاپ ۋەخپە قىلدى. ئەتراپىغا دەرەخ تىكىپ، گۈل-گىيا ئۆستۈرۈپ باغ-بوستان ئەھيا قىلدى. ھېيت-ئايەم كۈنلىرى توپلىشىپ زىيارەت قىلىپ، نەزرە-چىراغ ئۆتكۈزۈپ روھىغا خاتىرجەملىك تىلىدى. مازارلىرىنى ئۇلۇغلاپ «ئالتۇنلۇقۇم» دەپ ئاتىدى.

## 2

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھىجرىيىنىڭ 478 - يىلى (مىلادى 1086 - يىل) ۋاپات بولۇپ①، ئەينى زاماندا تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش

① شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى تۈزگەن «بەھرىلەناپ» تىن ئېلىندى.

جايغا، ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق «ئەسكى ھىسار» (ئەسكىيا) قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى «بارىگاھ» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان ۋە ئەجدادلىرىمىز ئالىمنىڭ قەبرىسىنى چىرايلىق ياساپ تۈز تۇرۇسلۇق قەبرە ئۆيى، قىشقا مەسچىت، تىلاۋەتخانا، مۇنار، گۈمبەزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەيۋەتلىك دەرۋازا بىنا قىلغان①. مۇشۇ ئەتراپتا يالغۇز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى بولۇپلا قالماي، قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت باشقا مازارلارمۇ بار. مەسىلەن: شەيخ ئىمام زاھىت ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرىنىڭ مازىرى②، بۇنىڭدىن يەنە بىر كىلومېترچە يىراقلىقتا تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە كىشىلەر تەرىپىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى دەپ رىۋايەت قىلىنىپ، جامائەتكە تونۇشلۇق بولغان نۇر ئەلا نۇر خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبلى ئارسلان خاننىڭ مازىرى قاتارلىقلار بار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورنىنىڭ ئەتراپىدا يۇقىرىقىدەك مازارلارنىڭ ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى، مۇشۇ مازارلار جايلاشقان بىر پارچە زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسكى ھىسار قەدىمىي شەھەر خا-

---

① پېشقەدەم تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا سۆزلەپ بەرگەن خاتىرىدىن ئېلىندى.

② ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرى مازىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى چېقىپ ئۆ-رۈلۈش قىلىنغان. مەسچىت بىلەن جامائەت قەبرىستانلىقىنىڭ بىر قىسمى ھېلىمۇ بار.

رابىسىنىڭ بولۇشى، كىشىلەرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورنى ھەققىدىكى مەلۇماتىنىڭ ئىلمىيلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ.

XII ئەسىرگە كەلگەندە قاراخانىلار خانلىقى ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق كۈچىيىپ ئۆزئارا ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش كۆرەشلىرى، جېدەل - ماجىرالار توختىماي داۋاملىشىپ خەلققە ئارام بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇقىم گۈللىنىش دەۋرى ئاخىرلىشىپ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. بولۇپمۇ XIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى، جۈملىدىن شىنجاڭنى چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىلا قىلىشى بىلەن ئالەمنى جاھالەت بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتتى. كۆچمەنچىلىك بىلەن ياشاپ دالا تۇرمۇشىغا ئادەتلەنگەن چىڭگىز قوشۇنلىرى ئىلغار شەھەر مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلدى. ئەمما تارىخ چاقى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە گاھ پەسلەپ، گاھ ئۆرلەپ ئالغا سىلجىۋەردى. خېلى بىر مەزگىل بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە قايمۇقۇپ قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يەنە ئۆرلەشكە باشلىدى. 1514 - يىلى يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن جاھالەت بۇلۇتلىرى تارقاپ ھاۋا سۈزۈلدى. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇ-

رىشىت خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىرىم ئەسىردەك ۋاـ
قىت ئىچىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت زور دەرىجىدە ئىلـ
گىرىلەش يولىغا كىردى. دېھقانلار زىمىنىسىدىكى ئالۋاڭـ
ياساقلار ئازايتىلدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر چېپىلىپ،
بوز يەرلەر ئۆزلەشتۇرۇلۇپ يېزىلار ئاۋاتلاشتۇرۇلدى.
ھۈنەر ـ سەنئەتكە كۆچلۈك مەدەت بېرىلىپ، زەرگەرـ
لىك، ھەلگەرلىك، مىسكەرلىك، تۆمۈرچىلىك، نەققاشلىق،
گىلەمچىلىك، كەشتىچىلىك، قۇيمىچىلىق، قورال ـ ياراق
ياساشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇستاخانىلار، قول ھۈنەر
كارخانىلىرى قۇرۇلدى. ھۈنەر ـ سەنئەتتە ئۇستۇن،
يۇقىرى ماھارەتلىك ئۇستىلار پادىشاھلىق تەرىپىدىن ئالاـ
ھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلدى. ئىلغار كەشپىياتلار مۇكاـ
پاتلاندى. نۇرغۇن مەكتەپ ـ مەدرىسلەر تەمىر قىلىنىپ
ئىلىم ـ پەنگە كەڭ يول ئېچىلدى. پەقەت يەكەندىلا
سەئىدىيە مەدرىسى، رەشىدىيە مەدرىسى، خانلىق مەدرىـ
سىگە ئوخشاش 47 ئورۇندا مەدرىس بىنا قىلىندى. قەشـ
قەر شەھىرىدە خانلىق مەدرىس قۇرۇلدى. چاپان بازىرى
جامەسى رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى. بۇ مەدرىسلەردە
نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، پەيلاسوپلار،
ئاسترونوملار، تىبىبلار، كىمياگەرلەر يېتىشىپ چىقتى.
نۇرغۇن پۈتۈكچىلەر، خەتتات ـ كاتىپلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ
پادىشاھلىق راسخوتى بىلەن بىباھا يازما يادىكارلىقلىرىمىز،
كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز كۆچۈرۈلۈپ كۆپەيتىلدى. بۇـ
نىڭ بىلەن يازما يادىكارلىقلىرىمىز قوتقۇزۇلۇپلا قالماي،
كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن

ئۆچمەس تۆھپىلەر يارىتىلدى. قىدىرخان ۋە ئامانىسا خېنىمغا ئوخشاش مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك مۇنارى، نەپىس سەنئىتىنىڭ گۈل تاجىسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تەـ قىق قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىشلىرىغا زۆرۈر ئىمكانىيەتـ لەر يارىتىپ بېرىلدى.

سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدىرېشىت خانلار ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن ئالىم، شائىر، ماھىر سەرـ كەردىلەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ، شائىرلارنىڭ، سەركەردىلەرنىڭ، تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ مازارلىرىنى قايتا ياساپ ئىزى ئۆچۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى، جۈملىدىن ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى ياـ سىدى. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، ئەسكى ھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەيخ ئىمام زاھىت مۇسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرىنىڭ مازىـ رىنى ياساپ يېڭىلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا بولۇپ، كەلـ كۈن ئاپىتىنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىش تەھدىتىگە دۇچ كەلـ گەنلىكى ئۈچۈن ئەسكى ھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىـ مالىدىكى پايناپقا يۆتكەپ كېلىنىپ ھەشەمەتلىك دەرۋازا، سەلتەنەتلىك گۈمبەز، نەقىشلىك مەسچىت ۋە تىلاۋەتخاـ

ئىلاردىن ئىبارەت يۈرۈشلەشكەن مازار بىنا قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئۆتكەن بىرمۇنچە مەشھۇر شەخسلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى ئەتراپىغا دەپنە قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جايدا كۆلىمى تەخمىنەن يۈز مو كېلىدىغان جامائەت قەبرىستانلىقى پەيدا بولدى. مازارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ، ئالىمغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ كەلدى.

## 3

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ مازىرى بۇرۇندىنلا كەڭ جامائەتچىلىككە، بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر ئۆمەر ھۆسەيىن سەبۇرى بىر پارچە شەجەرە (نەسەبلەر سىخېمىسى) تۈزۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا «بەھرىلئەنساپ» (نەسەبلەر دېڭىزى) دەپ نام بەرگەن. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا شاگىرتى — قازى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللا يارى دېگەن كىشىگە ئۆزى يازغان «بەھرىلئەنساپ» ناملىق شەجەرىنىڭ ئاخىرىغا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات

بولغان ۋاقتىنى ۋە مازىرىنىڭ ئورنىنى يېزىپ قويۇشىنى ۋەسىيەت" قىلغان. قازى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللا يارى ئۇستازىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شەجەرىنىڭ ئاخىرىغا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرىيەنىڭ 478 - يىلى ئىكەنلىكىنى ۋە مازىرىنىڭ ئورنى كونا ھسارنىڭ شىمالىدىكى پايناپ دېگەن جايدا ئىكەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ھەقتە ئىزاھاتمۇ يېزىپ قويغان.



* * *

1830 - يىلىدىن 1850 - يىللىرىغىچە قەشقەرگە ھېكىم بولغان زوھۇردىن بەگ قەشقەردىكى مۆتىۋەر، دىنىي كىشىلەردىن بولغان نىئمەتۇللا خوجامغا بىر پارچە قولىيازما قۇرئاننى ھەدىيە قىلىدۇ. نىئمەتۇللا خوجام بۇ قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ۋارىقىنىڭ خەت يېزىلمىغان ئاق بىر بېتىگە زوھۇردىن ھېكىم بەگنىڭ بۇ قۇرئاننى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا ۋەخپە قىلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەرنى يېزىپ قويىدۇ.

بۇ ۋاقىت مىلادى 1837 — 1838 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى پاكىتلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئەزەلدىن پۈتۈن جامائەتچىلىككە مەلۇم ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك دەلىلى بولالايدۇ.

4

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزگە ئوخشاش ئازادلىققا ئېرىشتى.

بسم الله الرحمن الرحيم أرأيت الذي

يكذب بالدين فذلك الذي يدع اليتيم ولا يحض على

طعام المسكين فويل للمصلين الذين هم عن صلاتهم

ساهون الذين هم يراءون ويمنعون الماعون سورة الكوثر ثلاث آيات

بسم الله الرحمن الرحيم إنا أعطيناك الكوثر

فصل لربك وانحر إن شانئك هو الأبتر

سورة الكافرون ست آيات

بسم الله الرحمن الرحيم قل يا أيها الكافرون لا

أعبد ما تعبدون ولا أنتم عابدون ما أعبد ولا أنا عابد

ما عبدتم ولا أنتم عابدون ما أعبد لكم دينكم ولي دين

سورة النصر مدنية ثلاث آيات

بسم الله الرحمن الرحيم إذا جاء نصر

الله والفتح ورأيت الناس يدخلون في دين الله أفواجا

[illegible]



1955 - يىلى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئاسارە - ئەتىقە، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1956 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ قەدىمكى يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە شۇ جەرياندا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى تەكشۈرۈپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1957 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (56) 1721 - نومۇرلۇق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 77 مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇننىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغانىدى. بۇ ئىسىملىك رەت تەرتىپىنىڭ 1 - بېتىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنىڭ نامى يېزىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 77 مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇننىڭ ئىسىملىكى بىرلا ۋاقىتتا «شىنجاڭ گېزىتى»دىمۇ ئېلان قىلىندى. شۇندىن باشلاپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پايناپ دېگەن جايدا ئىكەنلىكى شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىگە، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە بېيجىڭ،

شائخەي قاتارلىق جايلاردىن قەشقەرگە كەلگەن ئالىملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، كىنو - تىياتىر ساھەسىدىكىلەرمۇ بۇ قەبرىنى ھۆرمەتلەپ زىيارەت قىلىپ كەلدى.

1961 - يىلى بېيجىڭ قۇرۇلۇش تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلمىي خادىملىرى قەشقەرگە كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن نەچچە ئون پارچە فوتو سۈرەت تارتىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ سۈرەتلەر ھېلىمۇ بېيجىڭ قۇرۇلۇش تەتقىقات ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا.

ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولغان بۇ مازار ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاپەتلىك يىللىرىدا چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

# تارىخىي مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە

## بايان (2)

(ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرگە تەييارلىغان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبا شاكىر

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 7.1875، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1986 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3800 — 1

---

كىتاب نومۇرى: 8 — 11264 باھاسى: 0.62 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت ئابدۇخالىق

نومۇرى: 8 — 11264
باھاسى: 0.62 يۈەن